مەملىكەت بويىچە 100 ئۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تورىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال



# مىراس

MIRAS(HERITAGE)OFUYGHURFOLKCULTURE

2012 2

美拉斯

ISSN 1004-3829

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئەسقەر تۇردى سىزغان




قوش ئايلىق ژۇرنال 2012 ـ يىل 2 ـ سان

(ئومۇمىي 130 ـ سان)

## يىلتىزسىز دەرەخ بولماس

قىرىق تال چاچ قويۇش رىۋايىتى ........................... (1)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ئاق رەڭنىڭ ئۇيغۇر فولكلورىدا سىمۋوللۇق مەنىسى ... نۇرنىسا ئەيسا (3)
ئىففەمىزىمىسىز ماقال ـ تەمسىللەر توغرىسىدا ...... ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (9)
زامانىۋى ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرىنىڭ تۇرمۇشىمىزغا كۆرسەتكەن تەسىرى .............................. ماھنۇر يۇنۇس (12)
ئىلى خەلق چاقچاقلىرى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە ........................ رەيھانئاي ماموت (16)
ئۇيغۇرلارنىڭ نەقلىيات فولكلورى .......... ئابدۇقەييۇم مىجىت (21)

## يورۇق يۇلتۇزلار

سامساق بەكىسنىڭ سېھرىي كۈچى .......... ئەركىن تۇمۇر (36)

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

تەۋەككۇل ئوغرى بىلەن پادىشاھ ........................... (39)

## دۇنيا مىراسلىرى

تارىختىكى مۇقەددەس جاي ماچۇپىكچۇ ... مېھرىگۇل قادىر تەرجىمىسى (43)



باش مۇھەررىر:
**ئازات سۇلتان**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
مۇھەررىرلەر:
**نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەتىمىن**
**ئەزىزە تۇيغۇن**
جاۋابكار مۇھەررىر:
**خۇرسەنئاي مەتىمىن**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 _ 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 _ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

### گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار

مەسەللەر ........................ مۇھەممەت ئىمىن (48)

### ئايدىڭ كېچىلەر

گۇمان ................................................ (55)

### ئەينەك

سودا ئېڭىمىزغا بىر نەزەر ............ غالىب مۇھەممەد قارلۇق (57)

### ژۇرنال ۋە مۇھەررىر

تەھرىرلىك ۋە ئەدەبىيات توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە ... ئادىلە ئېلدان (62)

### ساقلىقىڭ ـــ شاھلىقىڭ

خەلقىمىزنىڭ مېۋە-چېۋىلەرنى قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىش ئادىتىدىن
ساغلاملىققا نەزەر ................................ قۇربانجان ئوبۇل (66)

### مىراسلىرىمىز

ئۇيغۇرلاردا تۇگمەنچىلىك ...... ئابدۇرېشات مۇساجان توغرۇل (74)

**ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسەر ھوقۇقى بىزدە، باشقىلارنىڭ خالىغانچە كۆچۈرۈپ ئېلان قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ**

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەزىزە تۇيغۇن
تەكلىپلىك كوررېكتور: ھاۋاخان ئارىپ
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس

ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى نەۋبەت تەمىنلىگەن
مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: «نورۇز كەلدى» نەۋبەت ئىشلىگەن

Chief editor: Azat Sultan
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin

## 保护文化遗产
## 捍卫精神家园

总编：
阿扎提·苏里坦
副总编：
穆合塔尔·穆罕默德
(法人代表)
编辑：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再木·吐依洪
本期责人编辑：
胡尔仙阿依·买买提明

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社(乌市友好南路716号文联14层)
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E_mail：mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# قىرىق تال چاچ قويۇش رىۋايىتى

قەدىمكى زاماندا تۇمەنخان دېگەن بىر خاقان ئۆتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ ئاي دېسە ئايدىن گۈزەل، كۈن دېسە كۈندىن گۈزەل، ئەقىللىق بىر قىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئالتۇن قىز ئىكەن. ئالتۇن قىز توققۇز ياشقا كىرگەندە چاھار باغدا سەيلە قىلىدىغان، ئۆي ئىشلىرىنى قىلالايدىغان، ئاتقا مىنىپ ئوۋغا چىقالايدىغان، ئەمگەك سۆيەر بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىپتۇ.

شۇ كۈنلەردە ئالتۇن قىزنىڭ بۇنداق ھۆسن-جامالى ۋە ئىشچانلىقى ئوردا ئەتراپىدىكى يىگىتلەرنى ئۆزىگە رام قىپتۇ. ئۇلار بىر ئامال قىلىپ ئۇ قىزنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلايدىكەن. شۇڭا ئۇلار بىر-بىرىگە ئۇقتۇرماي ئالتۇن قىزنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ يولىنى ئىزدەپتۇ. بۇ يىگىتلەرنىڭ ئىچىدە ئەقىللىق، ئەمگەكچان، كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بەربەگ دېگەن بىر يىگىت بولۇپ، ئۇمۇ قىزنىڭ ئىشقىدا كۆيىدىكەن، بەربەگ شۇنداق ئىشق-پىراق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان كۈنلەردە ئالتۇن قىزنىڭ ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ چاھار باغقا بېرىپ، گۈلشەندىن پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلدىن بىرنى ئۈزۈپ تەبەسسۇم بىلەن پۇراپ ئۇنى چېكىسىگە قىستۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، چاھار باغدىن قايتىپ چىقىدىغانلىقى يىگىتكە مەلۇم بولۇپ قاپتۇ، بەربەگ بۇ ئىشنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، بىر كۈنى سەھەردە ئۆزىنىڭ بېغىدىن ناھايىتى چىرايلىق ئېچىلغان گۈلدىن بىرنى تاللاپ ئۈزۈپ ئالتۇن قىز كېلىدىغان يولدا ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئالتۇن قىز كېلىشى بىلەن بەربەگ ئالتۇن قىزغا گۈلنى تەڭلەپتۇ، ئالتۇن قىز گۈلنى خۇشاللىق بىلەن ئاپتۇ ۋە:

— سىز بۇ گۈلنى ماڭا تەييارلاپ قويغانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت:

— ھەئە، بۇ گۈلنى چېچىڭىزغا قىستۇرۇپ ئېلىڭ، — دەپتۇ. قىز:

— بۇ چۇۋۇلۇپ تۇرغان چېچىمنىڭ قەيىرىگە قىستۇرىمەن؟ — دەپتۇ. يىگىت:

— گۈل قىستۇرغىدەك ئۆرۈڭ، — دەپتۇ-دە، يولغا راۋان بوپتۇ. قىز ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بىر ئاماللارنى قىلىپ چېچىنى بىر تال قىلىپ ئۆرۈپ يىگىت تەقدىم قىلغان گۈلنى چېچىغا قىستۇرۇپتۇ. بۇ كۈننى قىز ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈپتۇ. يىگىت تەقدىم قىلغان گۈلنى پات-پات پۇراپ قويىدىكەن. ھەر بىر پۇرىغىنىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com







بەدىنىگە ئوت تۇتاشقاندەك بولۇپ، يۈرىكى گۈپۈلدەپ كېتىدىكەن. بۇ ئاخشىمى ئالتۇن قىزنىڭ ئۇيقۇسىمۇ كەلمەپتۇ، ئۇ سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ يىگىت بەرگەن گۈلنى ئۆرگەن چېچىغا قىستۇرۇپتۇ ھەم يىگىت بۈگۈن يەنە بىر تال گۈل تەقدىم قىلىپ قالسا ئۇنى نەگە قىستۇرارمەن؟ دەپ ئويلاپتۇ، ھېلىقى گۈلنى چېچىدىن ئېلىۋەتكۈسى كەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالتۇن قىز چېچىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپتۇ ۋە كۈندىلىك ئادىتى بويىچە بەلگىلىك ۋاقىتتا چاھار باغقا قاراپ يول ئاپتۇ. دەل باغقا قايرىلىدىغان يولدا يىگىت بىر تال گۈلنى تۇتۇپ تۇرغىدەك. ئالتۇن قىز گۈلنى سۆيۈنگەن ھالدا قولىغا ئېلىپ تەييارلاپ قويغان ئىككىنچى تال ئۆرمە چېچىغا قىستۇرۇۋاپتۇ-دە، ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ.

يىگىت بىلەن قىزنىڭ قەلبلىرىنى ئىزھار قىلىشلىرى توپتوغرا 40 كۈن داۋاملىشىپتۇ. ئالتۇن قىز چېچىنى 40 تال ئۆرۈپ، يىگىت تەقدىم قىلغان 40 كۈندىكى 40 تال رەڭگارەڭ گۈلنى چاچلىرىغا قىستۇرۇپتۇ.

قىزنىڭ روھىي كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىش ھەم چېچىنىڭ 40 تال ئۆرۈلۈپ رەڭگارەڭ گۈللەرنى قاداپ يۈرۈشى تومەنخان، خانىش، ئىنىك ئانا ۋە كېنىزەكلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپتۇ. خانىش قىزىغا چاچلىرىدىكى گۈللەرنى ئېلىۋېتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلسىمۇ ئالتۇن قىز ئۇنىماپتۇ. خانىش بۇنىڭ سەۋەبىنى قايتا-قايتا سورىغاندىن كېيىنلا، قىز تەسلىكتە بولغان ۋەقەنى ئەينەن سۆزلەپ بېرىپتۇ.

خانىش بۇ ئەھۋالدىن پادىشاھنى خەۋەردار قىپتۇ. پادىشاھ چوڭقۇر ئويغا پېتىپ ئاندىن خانىشقا:

— پەرزەنت چوڭ بولغان ئىكەن ياتلىق قىلماق لازىمدۇر. قىزىمىزنىڭ خىيالى بۆلۈنۈپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ رايىغا باقايلى، باشقىلار ئاڭلىسا سۆز-چۆچەك بولىدۇ، ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىۋەتكىنىمىز تۈزۈك. شۇڭا بۈگۈندىن تارتىپ توي تەييارلىقىنى قىلايلى، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئوردا ئەھلى جىددىي توي تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ. 40 تال گۈل، 40 تال چاچنىڭ شەرىپى ئۈچۈن 40 كېچە-كۈندۈز توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، بەربەگ بىلەن ئالتۇن قىزنىڭ مۇراد-مەقسىتى ئەمەلگە ئېشىپتۇ. ئەمما 40 تال چاچنىڭ تۇرمۇشتىكى كۈندىلىك ئىشلارغا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۇنى قىسقارتىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئۇيان دېيىشىپ-بۇيان دېيىشىپ، بەختلىك تۇرمۇشنىڭ يالدامىسى ئۈچۈن 40 تال چاچنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈشنى مۇۋاپىق كۆرۈشۈپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇرلاردا قىزلار چېچىنى قىرىق تال ئۆرۈش، جۇۋان بولغاندىن كېيىن ئىككى تال ئۆرۈش، ئاياللار چېچىغا گۈل قىستۇرۇش ئادەت بولۇپ قالغانىكەن.

توپلىغۇچى: **غەيرەتجان ئوسمان**

«ئۈرۈمچى تىيانشان رايون خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىدىن تەييارلاندى.



# ئاق رەڭنىڭ ئۇيغۇر فولكلورىدا سىمۋوللۇق مەنىسى



نۇرنىسا ئەيسا

رەڭ — جىسىملاردىن چىققان، قايتقان ياكى ئۆتكەن نۇر دولقۇنلىرىنىڭ كۆرۈش سەزگۈ ئەزالىرىمىزدا قالدۇرغان تەسىرىدىن ئىبارەت. ئۇ ماددىي دۇنيانىڭ قۇياش نۇرىنى قوبۇل قىلىشتىكى ئاكتىپچانلىقى ياكى پاسسىپلىقى بىلەن ئىنسان سەزگۈسىدە ئىپادىلەنگەن خىلمۇخىل كۆرۈنۈشى بولۇپ، ئۇ ماددىي ئوبيېكتىپلىققا، سەزگۈ دۇنياسىدا سۇبيېكتىپچانلىققا ئىگە. ئىنساندا كىچىكىدىنلا بىر خىل رەڭ تۇيغۇسى شەكىللىنىشكە باشلايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆز مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى نەرسىلەرگە بولغان تونۇشىنىڭ ئارتىپ بېرىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ رەڭلەرگە قارىتا ياقتۇرۇش-ياقتۇرماسلىق قارىشى پەيدا بولىدۇ ھەمدە ئۆزى مەنسۇپ بولغان ئىجتىمائىي توپ ۋە مىللەتنىڭ رەڭ چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا ھەر خىل رەڭلەرنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ئاڭلىق ياكى ئىستىخىيەلىك ھالدا ئۆز ئېڭىدا ئىپادىلىنىشكە باشلايدۇ. ئادەتتە كىشىلەر گەرچە رەڭ ھەققىدە ئانچە كۆپ بىر نەرسىلەرنى دەپ بېرەلمىسىمۇ، ئۇلاردا ھەر خىل رەڭلەرگە نىسبەتەن مۇئەييەن تۇيغۇ، ئىنكاس ۋە پوزىتسىيەدە بولىدۇ. نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ھىندىستان شائىرى رابىندىرانات تاگور (1861 — 1941) «گۈزەللىك تۇيغۇسىنى سىڭدۈرمەي تۇرۇپ ئىنساننى كامالەتكە يەتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس» دېگەن. ھالبۇكى، رەڭسىز ئىنساندىكى گۈزەللىك تۇيغۇسى ھەققىدە ئېغىز ئېچىشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

www.uyghurkitap.com



رەڭ ــ تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان ئىنئامى. كائىنات رەڭلەر بىلەن گۈزەلدۇر. ھاۋارەڭ ئاسمان، ئاق بۇلۇت، زۇمرەتتەك سۇ، يېشىل تاغ كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدۇ. باھاردىكى كاككۇك، يازدىكى نىلۇپەر، كۈزدىكى جۇخارگۈل، قىشتىكى ئاپپاق قار كىشىگە گۈزەل مەنزىرىنى بەخش ئېتىدۇ. ھەر بىر رەڭ مۇئەييەن مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ. قىزىل رەڭ ساغلاملىق، جۇشقۇنلۇق، ئۈمىدنى، سېرىق رەڭ يورۇقلۇق، خۇشاللىق، سىپايىلىكنى، ئاق رەڭ بىغۇبارلىق، مۇقەددەسلىك، تىنچلىق، سەممىيەت ۋە سالقىنلىقنى؛ بىنەپشە رەڭ ئالىيجانابلىق، سەلتەنەت، نەپىسلىكنى، كۆك رەڭ گۈزەللىك، ساپلىق، جىمجىتلىقنى ئىپادىلەيدۇ، ۋەھاكازالار. ئىشقىلىپ، رەڭ ئادەمنىڭ روھىغا قارىتا ئىنتايىن زور تەڭشەش ۋە ماسلاشتۇرۇش رولىغا ئىگە. رەڭلەرگە بولغان بۇنداق تۇيغۇلارنىڭ شەكىللىنىشىدە رەڭنىڭ ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى مەنپەئەتدارلىق رولى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. رەڭلەرنىڭ رولى ئادەتتە پەرقلەندۇرۇش رولى ۋە ئادەمنىڭ روھىنى تەڭشەش ۋە ماسلاشتۇرۇش رولىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. رەڭلەر تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلۈك-تۈمەن شەيئىلەرنى پەرقلەندۇرۇشتە مۇھىم رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى شەيئىلەرنى تۈرگە ئايرىش (كىلاسسىفىكاتسىيەلەش)تىمۇ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. رەڭلەرنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى رەڭلەرنىڭ ئىنسانىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى رولى ۋە ئۆزىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. ئادەتتە بەزى رەڭلەر كىشىلەردە بىر خىل كۆڭۈل ئازادىلىك، ھۇزۇر، راھەت ھېس قىلدىدىغان تۇيغۇ پەيدا قىلسا، بەزى رەڭلەر ياخشىلىق، خۇشاللىق، بەخت-سائادەت، گۈزەللىك، جەڭگىۋارلىق ۋە غەلىبىنىڭ بېشارىتىنى بېرىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ. بەزى رەڭلەر چۈشكۈنلۈك، روھسىزلىق، پەرىشانلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ. بۇنىڭدىن تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇخىل رەڭلەرنىڭ ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭىدا ھەر خىل روھىي ھالەتلەرنى شەكىللەندۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتقا ماسلىشىشىدا تەڭشەش، ماسلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. رەڭلەرنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرى خەلقنىڭ مىللىي خاسلىققا ئىگە بولغان ئېستېتىك ئېڭى ۋە پىسخىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. رۇس رەسسامى روبىن «رەڭ ئىدىيە دېمەكتۇر» دەيدۇ. روبىن بۇ يەردە گەرچە رەڭنىڭ رەسساملىقتىكى مەنىسىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ سۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا كىشىلەرنىڭ رەڭگە مۇناسىۋەتلىك تاللاش، باھالاش پائالىيەتلىرىدىكى بەزى رەڭلەرگە بولغان ئامراقلىقى، ھېرىسمەنلىكى ۋە ياقتۇرۇشى، بەزى رەڭلەرگە بولغان ياقتۇرماسلىق، بىزارلىق كەيپىياتىدىن رەڭنىڭ ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسى، ئېستېتىك تۇيغۇسى بىلەن مۇئەييەن ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

ئۇيغۇرلار ھەر خىل رەڭدىن ئۆزگىچە ئېستېتىك لەززەت ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلۈك-تۈمەن شەيئىلەرنىڭ رەڭگىدىكى ئادەمگە بېرىدىغان ئوخشاش بولمىغان ئېستېتىك تۇيغۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىك-خۇنۇكلۇك، پاكلىق-ناپاكلىق، چىرايلىقلىق-سەتلىك، يۈكسەكلىك-پەسلىك... قاتارلىق چۈشەنچىلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تۇرمۇش ئادىتىدىكى تۈرلۈك پائالىيەت ۋە چۈشەنچىلىرىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تۇرمۇشىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ سىمۋوللۇق بېشارىتى سۈپىتىدە قوللىنىپ ئىشلەتكەن شۇ رەڭلەرنىڭ بىرى ئاق رەڭدۇر. رەڭ چۈشەنچىسى ھەرقايسى دىنلار ۋە مىللەتلەردە ئوخشىمىغان مەنىلەرگە ئىگە بولىدۇ. رودلوف ئارىنخېئىم «رەڭگە بولغان ھەۋەس بەزى مۇھىم ئىجتىمائىي ۋە شەخسىي ئامىللار بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ» ① دەيدۇ. رودلوف بۇ يەردە تىلغا ئالغان ۋە كۆزدە تۇتقان ئىجتىمائىي ۋە شەخسىي ئامىللار نېمە؟ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق رەڭگە بولغان ئېستېتىك تۇيغۇلىرى قانداق ئىجتىمائىي ۋە شەخسىي ئامىللار بىلەن باغلىنىشلىق؟

ئاق رەڭنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى، ئۇنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ئىنسانلارنىڭ ئۆز ھاياتلىق مۇھىتى بىلەن روھىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى گارمونىيەلىك ماسلىشىش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن ۋە پەيدا بولغان جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ۋەقەلەر، ھادىسىلەر، ھەر خىل پىكىر ئېقىملىرىنىڭ ماھىيىتى، ئەخلاق، دىن، تەبىئەت ۋە سەنئەت قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردە ئىپادىلىنىدىغان گۈزەللىكلەرنىڭ مەنبەسى، تۈرلىرى، ماھىيىتى، ئالاھىدىلىكلىرى، ھالىتى ۋە گۈزەللىكنىڭ ئىجاد قىلىنىشى، زوقلىنىش، تەربىيەلىنىش قاتارلىقلاردىكى ھەر تۈرلۈك ئامىللار بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسى، سىمۋول ئېڭى ۋە رەڭ چۈشەنچىلىرىدە ئاق رەڭ ئۇلارنىڭ پىسخىك پائالىيىتى ۋە دىنىي ئەقىدىسىگە زىچ

ماسلاشقان بولۇپ، ئاق رەڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە بىر قەدەر گەۋدىلىكرەك رول ئوينىغان. ئاق رەڭگە بولغان تۇيغۇ، پوزىتسىيە، سىمۋوللۇق مەنىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ قارىشىدا نىسبەتەن قەدىمىلىككە ۋە ئىزچىللىققا ئىگە. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىدە ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېتىقادىدا ۋە پەلسەپىۋى چۈشەنچىسىدە ئاق، كۆك، قارا، قىزىلدىن ئىبارەت ئاساسلىق تۆت خىل رەڭ ئالاھىدە ئۇلۇغلانغان بولۇپ، ئۇ غەرب، شەرق، شىمال، جەنۇبتىن ئىبارەت تۆت تەرەپنىڭ ئىشارەتلىك بەلگىسى قىلىنغاندىن باشقا، يەنە ئۇ ماددىي ئالەمنىڭ نېگىزى بولغان تۆت زات (تۇپراق، سۇ، ئوت، ھاۋا)قا، ئۇيغۇر مىللىي تېبابىتىدىكى تۆت مىزاج (سوغۇق، ئىسسىق، قۇرۇق، ھۆل)غا، تەبىئەتنىڭ تۆت پەسلى (باھار، ياز، كۈز، قىش)گە، شۇنداقلا ھاياتلىقنىڭ تۆت مەنزىلى (باللىق، ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق، قېرىلىق)گە تەققاسلىنىپ بىر پۈتۈن گارمونىيەلىك بىرلىك ھاسىل قىلغان»②. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسى ۋە سەزگۈسىدە ئاق رەڭگە بولغان تۇيغۇ، چۈشەنچە ۋە ھەر خىل سىمۋوللۇق مەنىلەر ئالاھىدە دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە: «ئاق — ئاق. ھەر نەرسىنىڭ ئېقى. باشقا تۈرك قەبىلىلىرى ئاق بوز ئاتنى ‹ئاق ئات› دەيدۇ»، «ئاق. ئاقساقال ئەر — ئاقساقال ئادەم. چاچ ساقىلى ئاقارغان كىشى» ③ دەپ خاتىرىلەنگەن. قاراخانىلار خاندانلىقى مەزگىللىرىدىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق رەڭگە بولغان تونۇشى ۋە سىمۋوللۇق رەڭ چۈشەنچىسى ئاللىقاچان تۇراقلىشىپ بولغان. ئاق رەڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېڭى ۋە چۈشەنچىسىدە بەخت-ئامەت، ياشلىق، پاكلىق، ئالىيجانابلىق... قاتارلىق سىمۋوللۇق مەنىلەرگە ئىگە دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق رەڭ ھەققىدىكى سىمۋوللۇق چۈشەنچىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد دەۋرلىرىدىن تارتىپ، تاكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. رەڭ-تۈس تۈرىدىكى سىمۋوللۇق قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادىدىن كېلىپ چىققان. ئاق رەڭنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرىنىڭ مەنبەسىنى ئالتاي تىللىق سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى بولغان شامانىزمدىن سۈرۈشتۈرۈپ بېقىشقا بولىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزم ئېتىقادىدا ئاق رەڭ خېلى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان رەڭلەرنىڭ بىرى بولۇپ، شامان (قام)لارنىڭ ھەر خىل ئېتىقاد ۋە پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرىدە ئاق رەڭنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. شامانلار پېرىخونلۇق پائالىيىتى جەريانىدا ئاق، كۆك، قىزىل ۋە قارا رەڭلىك لاتىلاردىن ئۆز نۆۋىتىدە، ئۆز باسقۇچىدا مۇناسىپ پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ پېرىخونلۇق پائالىيىتىنىڭ مەقسەت-نىشانلىرىغا يېتىشنى مەقسەت قىلغان. قەدىمكى ھون ئىمپېراتورلۇقىنىڭ قۇرغۇچىسى، خاقان باتۇر تەڭرىقۇت گاۋدى باشچىلىقىدىكى خەن قوشۇنلىرىنى بەيدەڭدە يەتتە كېچە-كۈندۈز قورشاپ مۇھاسىرىگە ئالغاندا «خەن قوشۇنلىرىنى قورشاپ تۇرغان ھون چەۋەندازلىرىنىڭ غەرب تەرەپتىكىلىرى پۈتۈنلەي ئاق ئاتلىقلار»④ ئىكەنلىكى مەلۇم. ھونلار تۆت تەرەپتىكى ئاتلارنىڭ ھەر بىر تەرەپتىكىلىرىنىڭ رەڭگىنى بىر خىل قىلىشى ئۇلارنىڭ شامانىزم ئېتىقادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ھون ۋە ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئاق رەڭنى مۇقەددەس بىلىش قارىشى ئۇلارنىڭ ئاق ئاتنى ئۇلۇغلاش قارىشى، ئادىتىدە ۋاستىلىك ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»دا كۆلتېگىننىڭ توققۇز قېتىم ھەر خىل رەڭدىكى ئاتلارنى مىنىپ جەڭگە كىرگەنلىكى، باشقا رەڭدىكى ئاتلارنى مىنىپ كىرگەندە ئۇدا مەغلۇپ بولۇپ، پەقەت ئاق ئاتنى مىنىپ جەڭگە كىرگەندىلا ئاندىن غەلىبە قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ يەردە ئاق رەڭ جەڭدىكى غەلىبە، مۇۋەپپەقىيەتكە يوشۇرۇن سىمۋول قىلىنىدۇ. «ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ پېرىخونلۇق پائالىيىتىدە، بولۇپمۇ ‹پېرە ئويۇنى›دا ئاق رەڭ ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، تۇغ ياسىلىدىغان ئارغامچا ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە يۆگىلىدىغان رەختمۇ ئاق رەڭدە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قەبرە بېشىغا قادىلىدىغان تۇغلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاق رەڭدە بولىدۇ. شامان دىنى پائالىيەتلىرىدە ئاق رەڭ يەنە ‹ئۆلگېن› تەڭرى بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ‹ئالاقىچى› — يورۇقلۇققا سىمۋول قىلىنغان... شامان يەنە ‹پېرە ئويۇنى› ئوينىلىدىغان ئۆينىڭ غەربىي تېمىغا ئاق رەختتىن ياسالغان ئاق تۇغنى قاداپ، تەرەپ ئىلاھىنى ئىپادىلەيدۇ» ⑤. ئويلاپ باقىدىغان بولساق، بەيدەڭدىكى مۇھاسىرىدە خەن قوشۇنلىرىنى قورشاپ تۇرغان ھون چەۋەندازلىرىنىڭ غەرب تەرەپتىكىلىرىنىڭ ئاق ئاتلىقلار بولۇشى بىلەن «پېرە ئويۇنى»دا شامانلارنىڭ (پېرىخونلارنىڭ)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆينىڭ غەربىي تېمىغا ئاق رەختتىن ياسالغان ئاق تۇغنى قاداپ، تەرەپ ئىلاھنى ئىپادىلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى ئىش ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن ماھىيەتلىك ئىچكى باغلىنىش بارلىقىنى، غەرب تەرەپنىڭ شامانىزمدا ئاق رەڭ بىلەن ئىپادە قىلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردىمۇ ئاق رەڭ ياخشىلىق، بەخت-تەلەي ۋە ئامەتنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. مەسىلەن، «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى»دىكى ئاق نىيەت تېكىننىڭ ياخشىلىق قىلغۇچى ۋە خەير-ساخاۋەت ئۈچۈن ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىشتىن باش تارتمايدىغان ئېسىل روھى ئاق سۆزى بىلەن سۈپەتلەنگەن. مىلادى 9-ئەسىردە قوچۇ (تۇرپان) دا پۈتۈلگەن قەدىمكى تۈرك-رۇنىك يېزىقىدىكى مەدەنىي مىراسلىرىمىزنىڭ بىرى بولغان «ئىرق بىتىك»تىمۇ ئاق رەڭگە مۇناسىۋەتلىك بولغان چۈشەنچىلەرنىڭ ھەممىسى ياخشىلىق ۋە بەخت-ئامەتنىڭ بېشارىتى سۈپىتىدە بايان قىلىنغان. «پال كىتابى»دىكى مۇنۇ مەزمۇنلارنى كۆرۈپ باقايلى: «ئىلاھىي بەخت-سائادەت ئۇتتۇشقا-يېڭىشكە ئۆزلۈكىدىن قارار تاپتى، زامانىڭدا. كۈن تەڭرى نۇرى ئېچىلدى، يورۇدى. قوڭۇر يەر يۈزى ياشاردى، گۈزەللەشتى»⑥. بۇ بايانلاردا «نۇر، يورۇقلۇق» تەڭرى نۇرى دېيىلگەن ۋە بەخت-سائادەتكە ئىشارە قىلىنغان. بۇ نۇر ۋە يورۇقلۇق ئەلۋەتتە ئاق رەڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەشھۇر قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ بىرى بولغان «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇز خاقاننىڭ ھەربىي يۈرۈشتە قولغا كەلتۈرگەن بۈيۈك غەلبىسىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە، 40 غۇلاچلىق ئاق خادا ئاستىغا ئاق قوينى باغلىشى بەخت ۋە ئامەتنىڭ مەڭگۈلۈك نېسىپ بولۇشىغا قارىتا ئىشەنچىنىڭ سىمۋولى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئوغۇزنامە»دە: «ئوغۇز خاقان چوڭ قۇرۇلتاي چاقىردى. نۆكەرلىرىنى، ئەل-جامائەتنى چاقىرتتى. ئۇلار كېلىپ بامەسلىھەت ئولتۇرۇشتى. ئوغۇز خاقان چوڭ چېدىردا... (ئوڭ تەرىپىگە)، قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى. ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر ئالتۇن توخۇنى ئاستى، ئۇنىڭ تۈۋىگە بىر ئاق قوينى باغلىدى. سول تەرىپىگە 40 غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى. ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۈمۈش توخۇنى ئاستى، تۈۋىگە بىر قارا قوينى باغلىدى»⑦ دېيىلگەن. ئوغۇز خاقاننىڭ ھەربىي يۈرۈشتە قولغا كەلتۈرگەن بۈيۈك غەلبىسىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە، 40 غۇلاچلىق ئاق خادا ئاستىغا ئاق قوينى باغلىشى بەخت ۋە ئامەتنىڭ مەڭگۈلۈك نېسىپ بولۇشىغا قارىتا ئىشەنچىنىڭ سىمۋولى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئەرەبلەرنىڭ رەڭ مۇقەددەسلىك قاراشلىرى ۋە سىمۋوللۇق رەڭ چۈشەنچىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ چۈشەنچىلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە بېيىتتى. ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئاق رەڭنى پاكلىقنىڭ، ساپلىقنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدىغان بولدى. شامانىزم مەزگىلىدە ئاق رەڭ غەلبە ۋە يورۇقلۇققا سىمۋول قىلىنغان بولسا، ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئاق رەڭگە يەنە پاكلىق قارىشى سىڭدۈرۈلدى. قىسقىسى، «ئۇيغۇرلار تارىختىن بېرى ئاق رەڭنى بەخت-ئامەت، ياخشىلىق، پاكلىق، ئالىيجانابلىق... نىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ كەلگەن... ئۇيغۇرلار كىيىم-كېچەكنىڭ رەڭگىنى يەنە مۇراسىم خاراكتېرىگە قاراپ ئۆزگەرتىدۇ. ئومۇمەن ئۆلۈم-يېتىم، نەزىر-چىراغ قاتارلىق قايغۇلۇق پائالىيەتلەرگە... قارا، كۆك (ياكى قارا كۆك) ۋە ئاق رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىپ بارىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا رول ئوينايدىغىنى رەڭلەرنى ئۇلۇغلاش قارىشى ئەمەس، بەلكى رەڭدە ئىپادىلەنگەن كەيپىياتتۇر»⑧.

مېيىتنى دەپنە قىلىش ئالدىدا ئاق رەڭلىك رەختكە ئوراپ ئاندىن يەرلىككە قويۇش؛ ھازىدارلار، ماتەملىك كىشىلەرنىڭ بېلىگە ئاق باغلىشى، ماتەم مۇراسىم پائالىيەتلىرىدە ئاياللارنىڭ ئاق رەڭلىك ياغلىقلارنى ۋە ئاق رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىشى دەل ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق رەڭنى پاك، ساپ، بىغۇبار دەپ قارىغانلىقى ھەمدە ئاق رەڭنىڭ شۇ خىل مۇراسىملاردا كىشىلەرنىڭ كەيپىياتىغا ماس كېلىدىغانلىقى سەۋەبىدىن دەپ قاراشقا بولىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئاق كۆڭۈل»، «ئاق يول بولسۇن» دېگەنگە ئوخشاش تۇراقلىق ئىبارىلەر كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئىبارىلەر تەركىبىدىكى «ئاق» سۆزى «يورۇق، ياخشى، ئوڭۇشلۇق» دېگەن مەنىلەردە كەلگەن. سەپەرگە چىققانلارنى ئۇزىتىشتا «ئاق يول بولسۇن!» دەپ ياخشى تىلەكتە بولۇش، سۈتنى ئۇلۇغلاش، قارنى بەخت-ئامەتنىڭ بەلگىسى دەپ بىلىش، قىزلار تويى بولغان كۈنى ئاق رەڭلىك كۆڭلەك كىيىش، ھازىدار ئەرلەر بېلىگە ئاق باغلاش، ئاياللار ئاق ياغلىق سېلىش، ئۆي-ئىمارەتلەرنى ئاقارتىش... قاتارلىق ئادەت-

لەرنىڭ ھەممىسىدە ئـاق رەڭ ئـۇلۇغلانغان. دوختـۇر،
سېسترالارنىڭ ئاق خالات كىيىشى، بىمارلارنىڭ نىجاتكا-
رىغا سىمۋول قىلىنغان. باشقىلارنىڭ تۆھمەت ۋە بەدناملى-
رىغا ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ تۆھمەتخورلارغا «مېنى يا
ئاق قىل، يا قارا قىل!» دەپ ۋارقىرىغانلىقلىرىنى ئـاڭلاي-
مىز. بۇ يەردىكى «ئـاق» سۆزى «گۇناھسىز، پـاك»
دېگەن مەنىلەردە. «قارا» سۆزى «گۇناھكار، ناپاك»
دېگەن مەنىلەردە كەلگەن. كىشىلەرنىڭ چاچ-ساقاللىرى-
نىڭ ئاقارغانلىقى ئۇلارنىڭ ياشانغانلىقى، قېرىغانلىقىنىڭ ئى-
پادىسى ھېسابلىنىپ، چاچ-ساقىلى ئـاقارغان مويسىپىتلەر
«ئاقساقال» دېگەن ھۆرمەت سۆزى بىلەن چاقىرىلىدۇ.
ئاق سۆزى يەنە سۈپەت بولۇپ، «ئىنچىكە، تـازا، چىراي-
لىق» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. مەسىلەن، ئـاق ئـاش،
ئاق يېغىن، ئاق كۆڭ، ئاق نان، ئاق يۈزلۈك... دېگەن-
دەك، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئاق» سۆزى ئىسىم
بولغاندا «توغرا، ياخشى ئىش، ھەقىقەت» دېگەن مەنىلەر-
دە كېلىدۇ. مەسىلەن، «ئاقنى قارا، قارىنى ئـاق دېيىش»
دېگەن بىرىكمە «ھەق-ناھەقنى ئـارىلاشتۇرۇۋېتىش»
دېگەن مەنىدە، «ئـاق-قارىنى پـەرق ئـېتەلمەسلىك»
دېگەن بىرىكمە «ياخشى-ياماننى ئايرىيالماسلىق» دېگەن
مەنىدە، «ئـاق بـاغلاش» دېگەن بىرىكمىدىكى «ئـاق»
سۆزى «ئۆلۈم، دەپنە ئىشلىرىدا مۇسىبەت ئـىگىلىرى
ماتەم تۇتۇپ باغلايدىغان ئاق رەخت»نى كۆرسىتىدۇ. يۇ-
قىرىقى مىساللاردىن مەلۇمكى، ئـاق رەڭنىڭ سىمۋوللۇق
مەنىسى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇر-
مۇشىدا يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا ھالدا ئۆز رولىنى ئـارت-
قۇزماقتا ۋە ئىپادىلەنمەكتە. ھازىرقى زامان ئـۇيغۇر تىلى
ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئـاق رەڭنىڭ مۇشۇنداق
ياخشى مەنىلىرى بولغانلىقتىن، ھازىرقى ئۇيغۇر كىشى ئـى-
سىملىرى ئىچىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «ئـاقئات،
ئاقئاتا، ئاقئاتلىق، ئاقئاخۇن، ئاقئارسلان، ئـاقئال، ئـاقئا-
لىپ، ئاقئالتۇن، ئاقىنسا، ئاقئالىن، ئاقئاۋاز، ئاقئاي، ئـاق-
ئايدىك، ئاقئايلا، ئاقئايىم، ئاقئەركەچ، ئاقئۆز، ئـاقئۆكۈز،
ئاقئۇزۇم، ئاقئۇزۇمخان، ئاقئۇن، ئاقئۇنئال، ئاققىز» (بۇ
ئىسىملار «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى» ناملىق كىتابتىن ئې-
لىندى)... قاتارلىقلار «ئۇيغۇرلارنىڭ... رەڭگە بولغان قا-
رىشى ۋە مەلۇم رەڭلەرنى ئـۇلۇغلاپ، مـەلۇم رەڭلـەردىن
پەرھىز قىلىشى ئېتىقادىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە دەۋرنـىڭ ئـۆز-
گىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئـۇيغۇرلارنىڭ رەڭلـەرنى
ئۇلۇغلاش قارىشى بىلەن دىنىي ئېتىقاد ۋە دەۋر ئوتتۇرد-
سىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇقىم بىر فورمۇلا بىلەن ئىپادە قىل-
غىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ نىسپىي ھالدا ئـېتى-
دائىي ئېتىقاد ۋە شامانىزم دەۋرلىرىدە ئاق ۋە كۆك رەڭ-
لەرنى ئۇلۇغلىغانلىقى، بۇددا دىنى دەۋرىدە سېرىق رەڭنى
ئۇلۇغلىغانلىقى، مانى دىنى دەۋرىدە ئاق رەڭنى ئـۇلۇغلى-
غانلىقى، ئىسلام دىنىغا ئـېتىقاد قـىلغاندىن تـارتىپ يېشىل
رەڭنى، يېشىل رەڭگە قوشۇپ قارا رەڭنىمۇ ئـۇلۇغلىغانلى-
قىدەك ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن» [9]. ئۇيغۇر-
لارنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردە ئاق رەڭنى
ئۇلۇغلىغانلىقى ھەققىدىكى قـارىشىمىزنى «ئـا. ۋ. گـابائىن
خـانىمنىڭ ‹ئـىدىقۇت ئـۇلۇغ ئـۇيغۇر ئـېلىدە تـۇرمۇش›
ناملىق كىتابىدىكى قوچۇ نامىزم مۇخلىسلىرىنىڭ ئـومۇمەن
باشلىرىغا چېكىلىكسىز ئاق باش كىيىمى كىيىدىغانلىقى»[10]
ھەققىدىكى بايانىنى تېخىمۇ كۈچلۈك دەلىللەيدۇ.

ئـۇيغۇر خـەلق ئـېغىز ئـەدەبىياتى، بـولۇپمۇ ئـۇيغۇر
خـەلق قـوشاقلىرىدىمۇ ئـاق رەڭ يـۇقىرىقىدەك ئـۆزگىچە
سىمۋوللۇق مەنە بىلەن ئىپادىلەنگەن. پىروفېسسور ئابدۇ-
كېرىم راخمان «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى نىسپىي تۇ-
راقلاشقان سىمۋوللار ۋە ئۇلارنىڭ مەنىلىرى» ناملىق ما-
قالىسىدە خەلق ئارىسىدىكى ئاق رەڭ چۈشەنچىسى، ئـاق
رەڭنىڭ سىمۋوللۇق مـەنىسى ھـەققىدىكى قـاراشلارنىڭ
ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىمۇ ئوخشاش سىمۋوللۇق مەنە-
لەرگە ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە توختىلىپ «ئـاق — ساپ
ۋە قۇتلۇقلۇقنىڭ، ياخشىلىق (ئېزگۈ) ۋە بەختنىڭ سىمۋو-
لى قىلىنغان. مەسىلەن:

ئاق ئۆيۈڭ، ئايىاق ئۆيۈڭ ئوردا بولۇر،
ئۆيۈڭدىكى شول ئوغلانىڭ موللا بولۇر.

ئاقىنە ياغلىق ئىچىدە،
بىر تۈگۈن گۈل ساقلىدىم.
گۈلنى ئېلىپ بېشىغا،
تاجى قىلىپ تاقىدىم.

ئاق سارايدىن چىقتىڭىز،
ئاق قەغەزدەك ئاقىرىپ.
كەينىڭىزدىن قاراپ قالدىم،
زەپىرەڭدەك سارغىيىپ»[11].

ئـاق رەڭنـىڭ سـىمۋوللۇق مـەنىسى ئـۇيغۇرلارنىڭ

www.uyghurkitap.com



كىيىم-كېچەك، بىناكارلىق، نەققاشلىق، دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ-ئادەت، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، خەلقنىڭ ئېستېتىك قارىشى... قاتارلىقلاردا ناھايىتى روشەن ھالدا نامايان بولىدۇ. پىروفېسسور ئابدۇقادىر جالالىدىن «ئەجداد بىلەن ئەۋلادنى باغلاپ تۇرىدىغان نەرسە تىل ۋە مەدەنىيەت»⑫ دەيدۇ. شۇڭا تىلىمىزدىكى ئاق رەڭنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەملەر، ئاتالغۇ-ئىبارىلەر ئەجدادلىرىمىز بىلەن بىزنى باغلاپ تۇرىدىغان مەنىۋى رىشتىلەرنىڭ بىرىدۇر.

قىسقىسى، سىمۋول بىر مىللەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ھەر خىل مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ شۇ مىللەت ئىجتىمائىي توپىنىڭ ئېڭىدا قالدۇرغان ئىنفورماتسىيەلىك چۆكمىلەرنىڭ جۇغلىنىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدۇ ۋە شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ يادرولۇق قىممەت قارىشىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالىدۇ. خۇددى گېرمان پەيلاسوپى گېگىل ئېيتقاندەك «سىمۋولنىڭ ئىككى خىل مۇقەررەر ئېلېمېنتى بولۇپ، بىرى مەنىسى، يەنە بىرى، مۇشۇ مەنىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. مەنە بىر خىل ئۇقۇم ياكى ئوبيېكت بولۇپ، ئۇنىڭ قانداق مەزمۇنغا ئىگە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىپادىلىنىشى بىر خىل ھېسسىي مەۋجۇتلۇق ياكى ئوبرازدۇر»⑬. ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس سىمۋوللۇق بەلگىلىرى شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ مەخپىي شىفرىدۇر. رەڭگارەڭ ئۇيغۇر مەدەنىيتى سىمۋوللۇق بەلگىلەرگە ناھايىتى باي. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئىچىدە سىمۋول بىر قەدەر گەۋدىلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك چۈشەنچىسىدىكى ئاق رەڭنىڭ ئۆزگىچە، ئالاھىدە سىمۋوللۇق مەنىلىرىنى قېزىپ چىقىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى جۇلالاندۇرۇش، مەدەنىيەتنى سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلىپ تۇرۇۋاتقان شۇ سىمۋوللۇق مەنىلەرنى ئىلمىي يوسۇندا شەرھلەشنىڭ ئىلمىي ئەھمىيىتى زور.

ئىزاھاتلار:

① [ئامېرىكا] رودلوف ئارنىخېئم: «سەنئەت ۋە كۆرۈش سېزىمى»، 1984-يىل خەنزۇچە نەشرى، 474-بەت.

②، ⑪ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى نىسپىي تۇراقلاشقان سىمۋوللار ۋە ئۇلارنىڭ مەنىلىرى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2003-يىل 1-سان، 31-بەت.

③ مەھمۇد كاشغەرىي (ئابدۇسالام ئابباس، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا، داموللا ئابدۇلھېمىت، يۇسۇفى، خەلىم سالىخ، ھاجى نۇر ھاجى، ئوسمان مۇھەممەدنىياز، سابىت روزى، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن، مىرسۇلتان ئوسمانوۋلار نەشرگە تەييارلىغان): «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 1-توم، 110-بەت.

④ سىماچيەن (شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ «24 تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللارنى تاللاپ تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسى» تەييارلىغان، قاسىم ئارىش، ھاجى ياقۇپ يۇسۇپى، تۇرغۇن ئالماس، خۇدابەردى سەلىم، سەلىمجان، ئەنسەردىن مۇسا، چېن شىمىڭ، ئارسلان ئابدۇللا تەرجىمە قىلغان): «تارىخىي خاتىرىلەر. 110-جىلد. ھونلار تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987-يىل 9-ئاي، ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 404-بەت.

⑤ راخمان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2006-يىل 6-ئاي 1-نەشرى، 274-بەت.

⑥ ئابدۇبەسىر شۈكۈرى، سۇلايمان ھېلىمنىياز: «‹پالنامە› ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قاراشلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل 9-ئاي 1- نەشرى، 189-بەت.

⑦ گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپ نەشرگە تەييارلىغان: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980-يىل 11-ئاي 1-نەشرى، 60-، 61-بەت.

⑧، ⑨ ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىل 12-ئاي 1-نەشرى، 220-، 221-، 222-بەتلەر.

⑩ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 347-، 348-بەتلەر.

⑫ ئابدۇقادىر جالالىدىن: «ئۆزىنى ئىزدەش يوسۇنىدا — ياپونىيەدە كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىم»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005-يىل 3-ئاي 1-نەشرى، 416-بەت.

⑬ [گېرمانىيە] گېگىل: «ئېستېتىكا»، خەنزۇچە، 2-توم، 10-بەت.

پايدىلانمىلار:


1. ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇرلاردا سىمۋوللۇق رەڭ چۈشەنچىلىرى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى، 1993-يىل 5-سان.

2. قەھرىمان ئابدۇكېرىم: «ئۇيغۇرلاردىكى ئاق رەڭ ئۇلۇغلۇق ھەققىدە»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 1994-يىل 5-سان.

3. ئىمىنجان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى رەڭ چۈشەنچىلىرى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 2004-يىل 3-سان.

4. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (1-توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

5. مۇتەللىپ سىدىق: «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى.


(ئاپتور: لوپنۇر ناھىيەلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)



# ئققمزمسز ماقال ـ تەمسللەر توغرسسدا



**ئابدۇخېلىل مرخېلىل**

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا سالماق ئورۇنغا ئىگە ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ئەمگەكچان، باتۇر ۋە ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز دانىشمەنلىكىنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە تارىخىي ھاياتىمىزنى يورۇتۇپ، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك، مۇھەببەت بىلەن نەپرەت توغرىسىدىكى پەلسەپۋى، ئەخلاقىي قاراشلىرىمىزنى دەل جايىدا خۇلاسىلەپ كەلمەكتە. مەلۇمكى بىر مىللەتنىڭ ماقال ـ تەمسىللىرى شۇ مىللەتنىڭ ئۇزاق دەۋرلىك تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى ئەمەلىيىتىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت سەرگۈزەشتىلىرىنى بېشىدىن ئەڭ كۆپ ئۆتكۈزگەن، تارىخنىڭ تالاي تۈگمەس سىناقلىرىغا دۇچ كېلىپ، ئۇنىڭدىن توغرا ۋە ئىلمىي خۇلاسە چىقىرىش ئېڭى كۈچلۈك بولغان خەلق ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ. ماقال ـ تەمسىللەر نۇتۇق ۋە يېزىقلىرىمىزدا قېلىپلاشقان، مۇقىملاشقان، ھېكمەتلىك، ئىبرەتلىك سۆزلەر قاتارىدا تىل ۋە يېزىقىمىزغا ئالاھىدە ئېنىقلىق، ئىخچاملىق، توغرىلىق بېغىشلاپ نۇتۇق ۋە يېزىق جۇلاسىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

روشەنكى ماقال ـ تەمسىللەردە ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، تاتلىق تىلەك ـ خاھىشلىرى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا بولغان تۇرلۇك قاراش ـ نۇقتىئىنەزەرلىرى، ئىلىم ـ پەن، ھۈنەر ـ كەسىپنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى مۇرەسسەسىز ئەھمىيىتى ۋە ئۇنى قەدىرلەش ئېڭى، ئەمگەكنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق يارىتىشتىكى تەخىرسىز كۈچ ئىكەنلىكى، ئۇنى سۆيۈش روھى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. غايەت چوڭقۇر، ئوبرازلىق سۆزلەر ئارقىلىق كىشىلەرگە ئىبرەتلىك ساۋاق، قىممەتلىك مەسلىھەتلەر بېرىلىدۇ، شۇنداقلا كىشىلەرنى نومۇس، ۋىجدان، ئىنسانىي خىسلەت ۋە ئادەمىيلىك پەزىلەت بىلەن ياشاشقا ئۈندەپ، ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، چىدام ـ غەيرەتلىك، ئىنساب ـ دىيانەتلىك، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك، راستچىل كىشىلەردىن بولۇش، بىلىم ـ ھۈنەرنى چىن دىلىدىن سۆيۈپ ئۆگىنىدىغان ھەقىقىي كىشىلەردىن بولۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ماقال - تەمسىللەرنىڭ تىلى گۈزەل، ئويناق ۋە ئوبرازلىق بولۇپ، ئېسىل ئۇستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ياردىمىدە ئوي - پىكىرنى دەل ۋە توغرا ئىپادىلەپ، كىشىلەرگە ھايات ھەقىقەتلىرىنى تونۇتۇش بىلەن بىللە، يەنە ئېستېتىك تۇيغۇمۇ ئاتا قىلىدۇ.

بىز ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرىدىغان بولساق، بىر قىسىم ماقال - تەمسىللەرنىڭ ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا ئاشكارا دېيىلىش ياكى يېزىلىش پەرھىز قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن تۈزۈلگەنلىكىنى بايقايمىز.

تارىختىن بۇيان تۆت پەسلى ئېنىق ئايرىلىدىغان مەركىزىي ئاسىيانى ئۆزىنىڭ ياشاش مۇھىتى قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزى ياشاپ كەلگەن مۇھىتقا ئىجابىي نۇقتىدىن ماسلىشىپ، ئۆزىدە ناھايىتى تۈز، ساددا، ئوچۇق - يورۇق، مۇھەببەت - نەپرىتى ئېنىق، ھەم مېھرىلىك، ھەم قەھرىلىك، سەممىي، راستچىل، كۆڭلىدىكىنى ئېغىز ۋە ئەمەلدە ئىپادىلەشكە ماھىر، ئەمەلىي ئىشلاردا كەسكىن خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىتتۇر. خەلقىمىزنىڭ يۇقىرىقى خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقان ماقال - تەمسىللىرىدىمۇ روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان دېيەلەيمىز، ماقال - تەمسىللەردە ئاۋام خەلقنىڭ سۈپەت - ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغاچقا، نۇرغۇنلىغان ماقال - تەمسىللەرنىڭ تەلىم - تەربىيە خاراكتېرى سالماقلىق ئورۇندا تۇرغان.

تەلىم - تەربىيە تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق توغرىلىققا يېتەكلەيدىغان ئۇزاق مۇددەتلىك پائالىيەت جەريانى بولۇپ، بۇ تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ مۇئەييەن قوبۇل قىلىش ساپاسى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. دېمەك ئەجدادلىرىمىز دەل مۇشۇ نۇقتىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماي، ئاۋام خەلقنىڭ ئەخلاقىي ساپاسى ۋە تۈرلۈك ئىشلاردىكى ناچار ئىللەتلىرىنى تۈزىتىشكە ياردەم بېرىش مەقسىتىدە، ئاشكارا دېيىلىش ۋە يېزىلىش پەرھىز قىلىنغان سۆزلەر ئارىلاشقان، ئىففەتسىز (سىلىقلاشتۇرۇلمىغان) بىر قىسىم ماقال - تەمسىللەرنىمۇ روياپقا چىقىرىپ، ماقال - تەمسىللەرنىڭ ئەقىل كۆرسىتىش ۋە تەلىم - تەربىيە بېرىش رولىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش مەقسىتىگە يەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

بۇ خىلدىكى ماقال - تەمسىللەر ئاڭلىماققا قوپال، تومتاق بولغىنى بىلەن يەنىلا تۇرمۇشىمىزدىكى ناچار ئىللەت، بەتقىلىقلارنى تەنقىد قىلىش ۋە ئۇنى تۈزىتىشكە يېتەكلەش جەھەتلەردە نۇرغۇن ئاكتىپ قىممەتلەرگە ئىگە.

مەسىلەن، «ئىنساپ قالمىدى چوڭدا، ئىشتان قالمىدى قوڭدا»، «ئېشەك ئۆلۈۋاتسا قوڭى غېجەك تارتىپتۇ»، «ھېيتتا قويمىغان خېنەڭنى، ھېيتتىن كېيىن قوڭۇڭغا قوي»، «ۋەسلىڭ يەتسە گۈل قىس، بولمىسا قوڭۇڭنى قىس»، «يېتىم قىز قوڭۇڭنى قىس»، «ئاتقا مىنگەشمە، مىنگەشكەندىن كېيىن كۆتۈم ئاغرىدى دېمە»، «بوزەكنى تاپسام، قوڭىغا يىپنى ساپسام»، «تولا يېگەن بۆرىنىڭ قوڭى كامار»، «چوڭ باشنى ئاچسا كىچىك قوڭنى ئاچىدۇ»، «ساراڭنىڭ ئوڭى يوق، پاشىنىڭ قوڭى يوق»، «ساۋابنىڭ قوڭى تۆشۈك»، «بېتى ئەدەپ كۆرمىگەن، كۆتى تەرەت كۆرمىگەن»، «باجا باجىنى كۆرسە قوڭى قىچىشار»، «باي، قوڭى بەش پاتمان لاي»، «ئىچى كۆيمىگەننىڭ كۆتى قىچىشماس»، «ھېجىقىز توۋا قىلماس، توۋا قىلسا قوڭى قويماس»، «ئۆزۈڭ قىلمىساڭ غېمىڭنى، قاغا چوقار ئىمىڭنى»، «قوناقلىقتا ئوغرى كىرسە ئاتقۇچىنىڭ بىر نېمىسىنى كەس»، «كۆتۈڭدىن چىقىپ كۆزۈڭگە ئۇراي»، «ئاتىسى باشلىمىغاننىڭ پوردىقى چوڭ، ئانىسى باشلىمىغاننىڭ ئەمچىكى چوڭ»، «مىڭ مادا تۇغقان بىلەن، بىر ھاڭگىنىڭ كۆتى ئاغرىماس»، «چۆجىنىڭ شۇملۇقىدىن ئانىسىنىڭ ئەمچىكى يوق»، «باي بولاي دېسەڭ بورداقچى بول، ئەمەل تۇتاي دېسەڭ پورداقچى بول»، «بۇقىنى ھۆركىرەتكەن ئىككى تاشقى» دېگەنگە ئوخشاش ماقال - تەمسىللەر ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئاشكارا دېيىش ۋە يېزىش پەرھىز قىلىنغان تاناسىل ئەزا ۋە باشقا ئەزالىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر ئارىلاشقان ئاساستا تۈزۈلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ يارقىن جۇلاسى بىلەن خەلق ماقال - تەمسىللىرىگە خاس پۇرىقىنى نامايان قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا «بىر شاتىراق موزاي پادىنى بۇلغار»، «ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن»، «پوققا چالما ئاتساڭ يۈزۈڭگە چاچرايدۇ»، «پوقنى ئوسۇرۇقتا

ياپقىلى بولماس»، «بۇ ئاتقىلى يات يەر ياخشى، شاتراق ئۇرغىلى داق يەر ياخشى»، «سېخىي ساخاۋەت قىلسا، بېخىل قان چېچىپتۇ»، «قاغا بىلەن دوست بولساڭ، يېيىشىڭ پوق»، «نوچى ئوق يەيدۇ، بالىسى پوق يەيدۇ»، «بولىدىغان بالا پوقىدىن، بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن»، «بەگ يالاقچىغا ئامراق، ئىت شاتراقچىغا ئامراق»، «بېخىلنىڭ پوقىنى يېگەن قاغىنىڭ قورسىقى ئاغرىيدۇ»، «پۈتمىگەن قەرزگە پوق ئال»، «ئىككى قاغا پوق تالاشسا ئوۋچىغا پايدا»، «داڭلىغان قىز تويىدا چېچىپتۇ»، «دوستۇڭنىڭ پوقى پۇرىماس»، «بار چاغدا توق يەپتۇ، يوق چاغدا پوق يەپتۇ»، «بالاڭنى قويۇپ بەرسەڭ بېشىڭغا چىچار، چۈنىنى قويۇپ بەرسەڭ ئېشىڭغا چىچار»، «بالاڭنى ئەركە ئۆگەتسەڭ كۆرپىگە سىيەر»، «ئارقامدىن دېگەنلەر، ئېزىكىمنى يېگەنلەر»، «ئېشەكنى ئوتقا ھەيدىسە پوققا يۈگۈرەر»، «ۋاقتى ئۆتكەندە قىلدىچىڭنى پوققا چاپ»، «ئورۇق ئۆينىڭ پوقى يوغان»، «گەپنى تەگسە گەپ چىقار، كالىنى قوغلىسا پوق چىقار»، «گەپنىڭ يامىنى كۇس - كۇس، ئوسۇرۇقنىڭ يامىنى پۇس - پۇس»، «كەپىسىز، كەپتەر پوقى يەمسىز»، «شاخىنىچە كالا خامانىنى بۇلغايدۇ، بۇزۇق ئادەم جاھاننى بۇلغايدۇ»، «ئارپا نېنى ئوسۇرغاققا باھانە بوپتۇ»، «ئاتالماس ئوقىدىن كۆرىدۇ، چىچالماس پوقىدىن كۆرىدۇ» قاتارلىق ماقال - تەمسىللەر ئادەم ۋە باشقا جانلىقلاردىكى نورمال فىزىيولوگىيەلىك ھادىسىلەرنى ئىپادىلەيدىغان، ئەمما ئاشكارا دېيىش پەرھىز قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن تۈزۈلۈپ، تۇرمۇشىمىزدىكى خىلمۇخىل چىركىنلىكلەرنى يارقىن ئىپادە قىلىپ بەرگەن، شۇنداقلا «ئوغرى قېرىسا موللا بولار، جالاپ قېرىسا بۇۋى بولار»، «تام قېرىسا توپا بولار، ھەجىقىز قېرىسا سوپا بولار»، «ئاردچىغا ئالتە تاياق، شوۋىچىغا يەتتە تاياق»، «دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى دەپ، ئالتە ئايلىق بويۇمدا قالدى»، «ئاشناڭغا ئىشىنىپ، ئەرسىز قالما»، «دۈشمەننىڭ سۆزى يامان، جالاپنىڭ كۆزى يامان»، «سامان ئوتتۇن بولماس، جالاپ خوتۇن بولماس»، «تۆگىدە تىز يوق، جالاپتا يۈز يوق»، «ھارۋا ماڭغان يول تار بولمايدۇ، جالاپقا گەپ ھار بولمايدۇ»، «ئەرسىز خوتۇن يۈگەنسىز بايتال» دېگەنگە ئوخشاش ماقال - تەمسىللەردىمۇ جىنسىيەت، ئاياللار ئەخلاقى، بەزىبىر ئادەملەردىكى تۈترۇقسىزلىق ئالامەتلىرى ئېيتىش پەرھىز قىلىنغان سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەخلاقىغا زىت بولغان ناچار ئىللەت، خاتا خاھىشلارنى پاش قىلىپ، ئەخلاقىي ساغلاملىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يۈكسەك ئۆلگىسىنى تىكلەپ بەرگەن.

(ئاپتور: توققۇزتارا ناھىيە دۆڭمەھەللە يېزا مويۇنگۇزەر مەكتەپتە)

## ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز ئۇنىۋان ئالماقچى بولغان قېرىنداشلىرىمىزغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىگىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ. شۇڭا بىز بىلەن ئالاقىلاشقايسىز.

تېلېفون نومۇرى: 0991 ـ 4554017

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

# زامانىۋى ئالاقىلىشىش ۋاسىتىلىرىنىڭ تۇرمۇشىمىزغا كۆرسەتكەن تەسىرى





ماھنۇر يۇنۇس

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئاددىي-ساددا، سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست خەلق. بۇ خىل ئېسىل ئەنئەنە ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدىكى يايلاق تۇرمۇش شارائىتىدا شەكىللەنگەن ئادەت ئەنئەنىسىنىڭ داۋامى بولۇپ، ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئەينى زاماندا ئەجدادلىرىمىزدا كەڭ، بىپايان يايلاقتا ھەپتىلەپ-ئايلاپ ئۇچرىشىش مۇمكىنچىلىكى، سەپەر ئۈستىدىكىلەرگە نەچچە كۈنلەپ ئىسسىق چاي ئىچىپ، ئارامخۇدا ھۇزۇرلىنىپ ھاردۇق چىقىرىش شارائىتى بولمايتتى، شۇنداق شارائىتتا بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىش، مۇڭدىشىش ئۇلار ئۈچۈن چوڭ خۇشاللىق ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇلار بۇ خىلدىكى ئۇچرىشىش، مۇڭدىشىش، يىغىلىشنى تەشنالىق بىلەن كۈتەتتى. بۇنداق تەشنالىق ئۇلاردا تەدرىجىي دوستخۇمار، مېھماندوستلۇق ۋە قويۇق ئىجتىمائىي ئالاقىگە ھېرىسمەنلىك ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن.



ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى ئىجتىمائىي ئالاقىسى دەل شۇ ئەنئەنىنىڭ داۋامى بولۇپ، ھازىرمۇ مەھەللە، ئائىلە ۋە شەخسلەر بويىچە بېرىپ-كېلىش، ئۆز ئارا ئۇچرىشىش، ھەمكارلىشىش، دوستلىشىش، مېھماندارچىلىق قاتارلىق شەكىللەردە داۋاملىشىپ، دوستلۇق، ئىناقلىق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى بولۇپ قالدى.



بۇ خىل مۇناسىۋەتلەر ئىجتىمائىي ئالاقە كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ بولۇپ، چوڭ جەھەتتىن تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1. ئائىلە-قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت.
2. يۇرتداشلىق مۇناسىۋەت.
3. قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەت.

4. دوستلۇق، كەسىپداشلىق مۇناسىۋەت.

بۇ مۇناسىۋەتلەر تۇرمۇشىمىزدا مۇقەررەر مەۋجۇت
بولۇپ تۇرىدىغان ئوبيېكتىپ رېئاللىق بولۇپ، مەيلى بىز
قانداق ئادەم بولايلى بۇ دائىرىدىن خالىي ھالدا ياشىيالمايمىز.

يۇرتداشلىق مۇناسىۋەت ــــ كىشىلىك مۇناسىۋىتىدە
ئىپادىلىنىدىغان يۇرت- مېھىر قارىشى، ئۇنىڭغا بەلگىلىك
ئۆملۈك ئېڭى سىڭگەن. ئۇيغۇرلار ئەزەلدىنلا يۇرتنىڭ
نام- مەنپەئەتىنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى
دەپ قارايدۇ. بۇ خىل ئادەت تەسىرىدە يۇرت- مەھەللە
ئاساسدا ئالاقە قىلىش ئومۇملاشقان، بولۇپمۇ، ھەر خىل
سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆز يۇرتىدىن باشقا يۇرتتا ئولتۇراق-
لىشىپ قالغانلاردا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدە قوشنىدارچىلىقنى قە-
دىرلەش، قوشنىلار بىلەن ئىناق- ئىتتىپاق ئۆتۈش، ئۇيۇ-
غۇرلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتىدىكى يەنە بىر ئېسىل ئەنئە-
نە، «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ياخشى»
دېگەن ماقال ئاشۇ ئەنئەنە ئاساسدا شەكىللەنگەن،
قوشنىلار ئەتە- ئاخشىمى ھال- ئەھۋال سورىشىپ، تاماق
سۇنۇشۇپ تۇرىدۇ، ۋاقتىلىق بىر يەرگە بېرىشقا توغرا
كەلسە، مال- مۈلكىنى قوشنىلارغا تاپشۇرىدۇ. بىر- بىرى-
نىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلسە، ئۆزئارا تەكلىپ قىلىشىدۇ.
بۇنداق دوستلۇق، سەممىيلىك قوشنىلار ئارا تۇغقانغا
ئوخشاش مېھىر رىشتىسىنى پەيدا قىلغان.

يېزىلاردا دېھقانچىلىق پەسىل- ۋاقىت خاراكتېرى
كۈچلۈك، ئەمگەك سىجىللىقى بىر قەدەر يۇقىرى ھەرىكەت
بولۇپ، پەيتنى چىڭ تۇتمىسا مەھسۇلاتقا تەسىر يېتىدىغان
بولغاچقا، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ئورتاق ئىشلەيدىغان، بىر-
بىرىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغان، ساخاۋەتلىك ئىشلار-
نى قىلىدىغان ئېسىل ئەنئەنىمىز داۋاملىشىپ كەلگەن.

ئائىلە مۇناسىۋىتىدە ئاتا- ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇ-
رىسىدا شەرمي- ھايا شۇ قەدەر كۈچلۈك بولۇپ، يىگىت-
لەرنىڭ ئۆيلىنىش يېشى توشۇپ، شەرت- شارائىتلار
تولۇق بولسىمۇ، ئاتا- ئانىسىغا ئۆيلەنگۈسى بارلىقىنى دې-
يەلمەي، تونۇر بۇزىدىغان، ئۇششاق تاش ياكى قومۇلاق
سېلىپ قويۇش شەكلى ئارقىلىق ئۆز خىيالىنى ئۇقتۇرىدى-
غان ئادەت بار. بۇمۇ بىر خىل ئالاقىلىشىش شەكلى
بولۇپ ئاتا- ئانىلار شۇ ئىشلارنى كۆرگەندىن كېيىن،
دەرھال ئوغلىنىڭ ئىشىغا تۇتۇش قىلىدىكەن. بۇنداق مە-
سىلىلار خەلقىمىز ئارىسىدا ناھايىتى كۆپ.

يۇقىرىقى ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى ھازىرغىچە
داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما زامانىۋىلىشىش قە-
دىمنىڭ تېزلىشىشى، ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرىنىڭ سەرخىل-
لىشىشى بەزى ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىزنى بىزدىن يىراقلاش-
تۇرماقتا ياكى ئۇنتۇلدۇرماقتا.

ئۇنداقتا، زامانىۋى ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرىنىڭ تۇر-
مۇشىمىزغا بولغان تەسىرىنى قايسى جەھەتلەردىن كۆرس-
تىشكە بولىدۇ؟

زامانىۋىلىشىش توغرىسىدىكى تەتقىقات 20- ئەسىر-
نىڭ 50- ، 60- يىللىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىغان بولۇپ،
بۇ ئاتالغۇ دەسلەپتە ئامېرىكىدا بارلىققا كەلگەن «يېزا ئې-
گىلىك جەمئىيىتىدىن سانائەت جەمئىيىتىگە ئۆتۈش جەريا-
نى»نى «زامانىۋىلىشىش» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئىپادىلى-
گەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىلىم ساھەسىدە كەڭ قوللىنى-
لىشقا باشلىغان.

جەمئىيەتشۇناسلار زامانىۋىلىشىشنى ئەنئەنىنىڭ قارشى-
سىدا قويۇپ تۇرۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى مەركەز
قىلغان ئاساستا، ئۆز كۆز قاراشلىرىنى شەرھلىدى. ئەمما
سانائەتلىشىش، شەھەرلىشىش «ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى»
دىن ھالقىپ، نۇرغۇن دائىرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان
بولدى. زامانىۋىلىشىش جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۇنىۋېر-
سال سەۋىيەسىنى ئىپادىلەيدىغان ئۆلچەم بولغاچقا، زامانى-
ۋىلىشىشنىڭ ئۆلچەم- تەلەپلىرى، سان- سېفىرلىق قىممەت
ئۆزگىرىشلىرى جەمئىيەت تەرەققىيات سەۋىيەسىنىڭ ئۆزگە-
رىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ باردى. شۇڭا ھەر قايسى
ئەللەر ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىگە ئاساسەن زاما-
نىۋىلىشىش نىشانىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە باستى.

زامانىۋى ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرىمۇ دەل زامانىۋىلى-
شىش ئىچىدىكى بىر تەركىب بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر
قايسى ساھەلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ماس قەدەمدە تەرەققىي
قىلدى. زامانىۋىلىشىش تەرەققىي تاپمىغان جەمئىيەتنىڭ تە-
رەققىي تاپقان جەمئىيەتكە ئايلىنىش جەريانى ۋە نىشانى
بولغاچقا، زامانىۋى ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرى ئوخشىمىغان
مەزمۇن ۋە يۆنىلىشتە كىشىلەر تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىردى.

مېنىڭچە، زامانىۋى ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرىنى چوڭ
جەھەتتىن تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1. تىل، كومپيۇتېر تىلى (تور تىلى) ۋە زامانىۋى تىل.

2. ئىنتېرنېت، QQ، ئېلېكترونلۇق يوللانما،
تۇرمۇش مۇنازىرىسى، تور دەرسخانىسى. يىراقتىكىلەر ۋې-
لىسىپىت ياكى ھارۋىلار بىلەن مەنزىلگە بېرىپ كۆرۈشەت-
تى. بىر- ئىككى مىنۇتتىلا ھەل بولىدىغان ئىش ئۈچۈنمۇ

زۆرۈر تېپىلسا، بىر نەچچە سائەتلەپ ۋە بىر نەچچە كۈنلەپ يول مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. دېمەك، تېلېفوننىڭ پەيدا بولۇشى ئالاھىدە بىر يېڭىلىق ھېسابلىنىپ ھەرقايسى ساھە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا غايەت زور رول ئوينىدى.

90 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، چاقىرغۇ پەيدا بولۇپ، كىشىلەر ئالاقىسىدە بىر ئاز قولايلىشىش بولدى. بىراق يەنىلا، ئېھتىياجلىق بولغان تەرەپ چاقىرغۇ قىلسا قوبۇل قىلغۇچى تېلېفون قىلاتتى، مانا ھازىر قارايدىغان بولساق، ھەر خىل تېپتىكى تېلېفونلار بارلىققا كېلىپ، تۇرمۇشىمىزنى مول رەڭدار مەزمۇنلار بىلەن بېزىمەكتە. تېلېفون شىركەتلىرىنىڭ تۈرلۈك شەكىلدىكى مۇلازىمەتلىرى ھەر تۈرلۈك ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرۇپ، ۋاقىتنى سېتىۋېلىشقا ئامالسىز تەمتىرەپ يۈرگەن بۈگۈنىمىزدە ۋاقىت جەھەتتىكى ئىسراپچىلىقنى تېجەپ، شۇ ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىۋېلىشىمىز ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەرمەكتە. تېلېفوننى قولىمىزغا ئېلىپلا يەر شارىنىڭ باشقا بىر نۇقتىسىدىكى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر بىلەن سۆزلىشىمىز، پىكىر ئالماشتۇرىمىز. دېمەك، تېلېفون ھەرقايسى كەسىپ، ساھەلەر بويىچە ئومۇملاشتى.

زامانىۋى ئالاقىلىشىش ۋاسىتىلىرىنىڭ تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كىرىشى، بىزنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن زۆرۈر شارائىتلار بىلەن تەمىن ئېتىپ، بۇرۇنقىدەك ئارىلىقنىڭ يىراقلىقىدىن تويلىشىش، تۇغقانلىشىشتىن قورقىدىغان، چەت ئەلگە چىقىشنى خىيالىي چۈش كۆرىدىغان ۋەھىمىدىن ئازاد قىلىپ، ئەركىن سودا، ئەركىن ئالاقىنى شەكىللەندۈردى. دۇنيانىڭ ئىشىكنى خاتىرجەم ئېچىپ ئۆزىگە پايدىلىق بولغان ھەرقانداق يېڭى ۋە خىلمۇخىل ئۇچۇرغا ئېرىشىش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى. ئەمما دۇنيادا مۇكەممەل نەرسە بولمىغىنىدەك زامانىۋى ئالاقىلىشىش ۋاسىتىلىرى ئاشۇ بىر قاتار ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن يەنە بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىقلارنىمۇ كەلتۈرۈۋاتىدۇ.

پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تېخنىكا خۇددى قوش بىسلىق پىچاققا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئەۋزەللىكلىرى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا، بىر قىسىم ئۆز - ئۆزىنى چەكلەش ئىقتىدارى تۆۋەن كىشىلىرىمىزگە ئەكس تەسىر كۆرسىتىپ، يېتىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ناچار خاھىش، ناچار ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇۋېلىپ، ئاتا - ئانا، جەمئىيەت ۋە مەكتەپكە زور بېسىم ئېلىپ كېلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايۋاتىدۇ.

تۆۋەندە مەن، زامانىۋى ئالاقىلىشىش ۋاسىتىلىرىنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ئېلىپ كىرگەن ئەكس تەسىرىنى بىر نەچچە نۇقتا بويىچە چۈشەندۈرىمەن:

1. ئىجتىمائىي ئالاقە ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم مۇناسىۋەتلەردىن بىرى بولغان ئائىلە مۇناسىۋىتىگە كەلتۈرگەن تەسىرى.

ئائىلە — ئىككى كىشىنىڭ ئورتاق نىشان، مەقسەت بىلەن بىرلىككە كەلتۈرگەن كىچىك جەمئىيىتى. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئاسراش «مۇقەددەس بۇرچى». ئاتا - ئانىغا سادىق بولۇش، ئۆزلىرى ھەر قانچە غورىگىل قالسىمۇ، ئاتا - ئانىسىنى ياخشى بېقىش، چوڭلارنىڭ كىچىكلەرنى ئاسرىشى، كۆيۈنۈشى، ئەر - ئايال بىرىگە ۋاپادار بولۇشى ھەممىگە ئېنىق بولغان ئەقەللىي ساۋات.

ئەر — ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى بولۇشتەك مۇقەددەس بۇرچىنى پەخىرلىك تۇيغۇسى بىلەن ئادا قىلىشى، ئائىلىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك مەسئۇلىيەت ۋە ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشى بىر ئەر ئۈچۈن ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچ.

ئايال — ئۇلۇغ ئىنسانلىق سالاھىيىتى، ئەرنىڭ غۇرۇرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئائىلىگە كۆيۈنۈشى، ئايالىق، ئانىلىق بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىشى، «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەن ماقالنىڭ چىن مەنىسىنى چۈشىنىپ، ئائىلىنى ئائىلە، ئەرنى ئەر قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بېغىشلىشى ئەزەلدىن دېيىلىپ كېلىۋاتقان ھەم شۇنداق بولۇۋاتقان قائىدىدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىگ»تىمۇ ئائىلىگە، نىكاھقا ۋاپادار بولۇش، قانائەتچان بولۇش، ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلىش توغرىسىدا بىزگە چوڭقۇر تەربىيە بەرگەن.

2. قوشنىلار ئارا ئالاقىدە بۇرۇن بىر - بىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىشىپ ئىشلىرىنى مەسلىھەتلىشىپ، قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئۆيىدە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى. ھازىر رىتىمنىڭ تېزلىشىشى، تېلېفون ئالاقىسىنىڭ راۋانلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇرۇن شۇنچە ئۇزۇن يوللارنى پىيادە ماڭىدىغان كىشىلىرىمىز ھازىر ئۇدۇل قوشنىمىزنىڭ ئۆيىگە كىرىشكىمۇ ئېرىنىپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىمىزغا ئالىدىغان بولدۇق، ھەتتا توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىمغا بېرىشقا ۋاقتىمىز يەتمىسە، تېلېفون ئۇرۇۋېلا ئۆزرە ئېيتىدىغان بولدۇق. ئاتا - ئانىمىزدىنمۇ تېلېفوندىلا ئەھۋال

سورايدىغان، ئاتا- ئانىمىزمۇ بىزنىڭ تۈگىمەس ئادىمىگەر-
چىلىك ئىشلىرىمىزدىن خەۋەردار بولغاچقا، بىزنى توغرا
چۈشىنىدىغان بولدى.

3. يىراق يۇرتتىكى تۇغقانلار بۇرۇن بىر-بىرىنى ياد
ئەتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە، «پوسۇلكا» قىلىپ،
پوسۇلكا ئىچىگە ئۆز يۇرتىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى،
قارشى تەرەپ ئامراق نەرسىلەرنى ئەۋەتەتتى، زامانىۋىلى-
شىش قەدىمىنىڭ تېز قەدىمىدە «پوسۇلكا» قىلىش كۆلىكى-
لىك تۆۋەنلىگەن بولدى، تېلېفون ئارقىلىق كۆرۈشۈپ تۇ-
رىدىغان بولغاچقا كىشىلەر ئارىسىدىكى «پوسۇلكا»
ئازلاپ، ئارىلىقىمىز يىراقلاپ كېتىۋاتىدۇ.

ئەسلىدىلا «يېڭىلىق»نى ناھايىتى ئاسان قوبۇل قى-
لالايدىغانلىقىمىزدەك مەنىۋىيىتىمىزدە مەۋجۇت ئىللەتلەر
تەرەققىيات، زامانىۋىلىشىش داۋامىدىكى بەزىبىر خاھىشلار
بىلەن ئۇيغۇتلىنىپ، تېخىمۇ كۆكلەپ، باراقسانلاش مۇھىتى-
غا ئىگە بولۇۋاتىدۇ.

مەن بۇ خىل ھالاكەت يۈزلىنىشىنى كۆپرەك ئەخلا-
قىي مەسىلىلەرنى شەرھلەش ئارقىلىق مۇلاھىزە قىلدىم،
چۈنكى ئەخلاق روھقا، روھ تەنگە، تەن دۇنياغا مەنسۇپ-
تۇر. شۇڭا شۇنداق يەكۈن چىقىرالايمىزكى، ئەخلاق
گۇمران بولسا دۇنيانىڭ زاۋالى يېقىنلىشىدۇ، مەيلى ئۇ قاد-
چىلىك گۈللەنگەن ئىمپېرىيە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر.

ئۇچۇر ئىنقىلابىنىڭ ئىمزاسى بىلەن تامغىلانغان 21-
ئەسىر ئىنسانلارنىڭ سالاھىيىتىنى قايتىدىن بېكىتىپ،
ھەممە ئادەم كىشىلىك قىممىتى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىشقا
چۈشتى. يېڭى ئەسىردىكى سالاھىيەت يەر شارىدىكى مەۋ-
جۇتلۇقنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان بول-
غاچقا، پۈتكۈل مىللەتلەر ئۇچۇرلىشىشنى ئۆز سالاھىيەتلى-
رىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىپ، ئۆزگىچە قىممەت يارىتىش
ۋە تىكلەش مەۋقەسىنى ئىپادىلەشكە تىرىشتى.

ئۇچۇر ئارقىلىق ئىجرا قىلىنىۋاتقان يەر شارى خاراك-
تېرلىك ئالاقە مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ۋە ماسلىقنى
تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى مە-
دەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىنى تامامەن ئىنكار قىلىش
ياكى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل
تاللاش مەسىلىسى مەيدانغا كەلدى. ئەلۋەتتە، بۇ خىل
تاللاش زىددىيەت ۋە توقۇنۇش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن-
دە، بۇنىڭ ئۇچۇن تۆلەنگەن بەدەل ئاز بولمىدى، ئەڭ ئاد-
دىيسى ئۆز دائىرىمىزدىن ئېلىپ ئېيتساق، ئىتتىپاقسىزلىق،
ياسالمىلىق، لەۋزىدە تۇرماسلىق، پەزىلەتسىزلىك، سودىدى-
كى ئالدامچىلىق، تۇرمۇشتىكى ھاياسىزلىق، شەپقەتسىزلىك،
ھەر خىل ئىسراپچىلىقلار باش كۆتۈرۈپ قېلىۋاتىدۇ. مانا بۇ
خىل ھازىرقى دەۋرىمىزنىڭ خاراكتېرىگە ماس بولمىغان خا-
ھىشلاردا زامانىۋى دەۋردىكى ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرىنىڭ
تەسىرى يوق دەپ ئېيتالامدۇق؟

ئۇنداقتا بۇ ھالاكەتتىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن سۆزلەش
پۇرستى كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ، ئورتاق تونۇشىمىزنىڭ ئا-
زىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن، ئۆزئارا تاماق سۇنۇشىدىغان،
ئۆتنە-يېرىم قىلىدىغان، ئاجىزلارغا يار-يۆلەك بولىدىغان
تۇرمۇش ئەندىزىمىز ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ قالدى دەپ ئاغ-
رىنىپ، بۈگۈنكىدەك قولايلىق، ئەۋزەل شارائىتتىن يىراق-
لىشىپ، ئەنئەنىنى ساقلاپ قالىمىز دەپ ئەسلىگە قايتام-
دۇق؟ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئالغا
ئىلگىرىلەشكە بولىدۇكى، ھەرگىز چېكىنىشكە بولمايدۇ.
گەرچە تېلېفون، كومپيۇتېر دېگەندەك زامانىۋى ئالاقىلى-
شىش ۋاستىلىرىنىڭ ئادەم بەدىنىگە مەلۇم جەھەتتە زىيان-
لىق تەرەپلىرى كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، بىراق ئالدىنى
ئېلىش تەدبىرلىرى قوشۇپ بېرىلىۋاتىدۇ.

مېنىڭچە، زامانىۋى ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرىدىن ئۈ-
نۈملۈك پايدىلىنىپ، ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزدىكى قورالغا ئاي-
لاندۇرىمىز دېيدىكەنمىز، «قوغداشقا تېگىشلىكىنى چوقۇم
قوللاش، قوغلاشقا تېگىشلىكنى مۇرەسسەسىز قوغلىساق-
لا» يەر شارىلىشىش دولقۇنىدىكى يەرلىك مىللىي مەدەنى-
يىتىنىڭ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراشتەك كىرد-
زىسكە خاتىمە بېرىپ، كۆيۈمچانلىق، ۋاپادارلىق، ساداقەت-
نىڭ خۇش پۇراق گۈللىرىنى ئېچىلدۇرالايمىز.

ئاتا- ئانىلارمۇ ئۆزى توغرا تونۇشقا كېلىپ، بالىلىرى-
نى توغرا ئۇسۇلدا يېتەكلەپ، بالىلارغا تورنىڭ پايدىلىق
ۋە پايدىسىز تەرەپلىرىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى
توغرا، ساغلام ئۇسۇلدا تورغا چىقىشقا يېتەكلىسە، تورغا
چىقىش ۋاقتىنى چەكلەپ، تورنىڭ يالغۇز كۆڭۈل ئېچىش
سورۇنى ئەمەس، بىلىمگە ئېرىشىشنىڭ قورالى ئىكەنلىكىنى
چۈشەندۈرەلىسە ئىشىنىمەنكى، مەۋجۇت بولۇۋاتقان زاما-
نىۋى ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرىمىزدىن ھازىرقىدىنمۇ ئۈنۈمە-
لۈك پايدىلىنىپ، زامانىۋى جەمئىيەتتىكى ئۆز ئەنئەنىمىز-
نى، ئەخلاقىمىزنى جەۋلان قىلىشتىكى ھەقىقىي زامانىۋى
ئالاقە ۋاستىسىگە ئايلاندۇرالايمىز ھەم تېخىمۇ پارلاق
جەمئىيەتكە يۈزلىنەلەيمىز.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ژۇرناللار
نەشرىياتىدا)



# ئىلى خەلق چاقچاقلىرى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە

رەيھانئاي مامۇت

چاقچاق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، كۈلكىنىڭ ۋاستىسى بىلەن كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق ۋە تەربىيە بېرىدىغان تىل سەنئىتىدۇر. كۈلكە- چاقچاق ھەرقانداق بىر مىللەتكە ئورتاق تېما، بىراق يۇمۇرىستىك پىسخىك- مىجەزنىڭ ئىپادىلىنىشىنىڭ ئوخشاشماسلىقى سەۋەبىدىن چاقچاققا ھازىرلىغان سورۇنمۇ ئوخشىمىغان مىللەت، ئوخشىمىغان رايونلاردا ئوخشاش بولمايدۇ. ئىلى خەلقى ئارىسىدا چاقچاقلىشىش باشقا يۇرتلارغا قارىغاندا باشقىچە ئەۋج ئالغان ھەم چاقچاقچىلارغا ھازىرلانغان سورۇنلارمۇ باشقا يۇرتلارنىڭكىدىن كەڭرەك بولغان، بۇ سەۋەبتىن ئىلى ۋادىسى بىزنى خەلق چاقچاقلىرىنى توپلاش، رەتلەش، يەنە چاقچاقنىڭ ئەجدادتىن- ئەۋلادقا داۋاملىشىشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىۋاتقان خەلق چاقچاقلىرىنىڭ ھاياتى بىلەن تونۇشۇش، ئۇلارنىڭ ئۇسلۇبىدىن ئۆرنەك ئېلىشتا قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتەلەيدۇ.

ئىلى رايونىدا ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى ھەر قانداق بىر كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنى چاقچاقسىز ئۆتكۈزمەيدۇ. ئالايلۇق، 30 ئوغۇل مەشرىپى، نورۇز بەزمەسى، يىگىت مەسلىھەت چېيى، يىگىت ئولتۇرۇشى قاتارلىق سورۇنلارنىڭ ھەممىسىگىلا كۆزگە كۆرۈنگەن خەلق چاقچاقچىلىرىنى، ھېچ بولمىغاندا شۇ مەھەللىدە قىزىق گەپ- سۆزلىرى بىلەن كىشىلەرنى كۈلدۈرەلەيدىغان خەلق قىزىقچىلىرىنى تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇپ، سورۇن كەيپىياتىنى جانلاندۇرىدۇ. بۇنداق سورۇنلاردا چاقچاقچىلار ئالاھىدە قارشى ئېلىنىدۇ ھەم قىلغان چاقچاقلىرىغا تۇشلۇق ئۆرۈمگىمۇ ئېرىشىدۇ. بۇرۇنلاردا قوناق، بۇغداي قاتارلىقلارنى ئۆرۈم ئورنىدا بېرىدىغان ئادەتلەرمۇ بولغان ئىكەن. بىراق ھازىر تۇرمۇش سەۋىيەمىزنىڭ ئۈسۈشىگە ئەگىشىپ پۇلنىلا ئۆرۈم قىلىش پۈتۈنلەي ئومۇملىشىپ كەتتى. ئۆرۈم سوممىسى بەك كۆپ بولمىسىمۇ، بىراق شۇ چاقچاقچىغا ئىلھام بېرىش، سورۇن كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

چاقچاقنىڭ جېنى كۈلكە. چاقچاقچىنىڭ ۋەزىپىسىمۇ كۈلكە پەيدا قىلىش. شۇ سەۋەبتىن چاقچاقچى مەزكۇر سورۇننىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىنى ياخشى ئىگىلەپ، سورۇن-



دىكى كىشىلەرنى تەپسىلىي كۆزىتىپ، ئۆز چاقچىقىغا
ماتېرىيال توپلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىگە قارىتا
ئېيتىلغان چاقچاقلارغا چاقماق تېزلىكىدە، تېمىدىن
چەتنەپ كەتمىگەن، مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئاساستا جاۋاب
قايتۇرۇپ تېخىمۇ كۈچلۈك كۈلكە پەيدا قىلىشى ھەم-
مىدىن مۇھىم.

چاقچاقنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ھازىر جاۋابلىق-
تا، ھەجۋىيلىكتە، سۆز مەزمۇنىنىڭ مەنتىقىلىقىدا ۋە
«رەقىب» تەرەپنىڭ قىلغان چاقچىقىنىڭ مەزمۇنىغا
چەمبەرچاس باغلىنىشىدا ئىپادىلىنىدۇ①.

چاقچاق ئىجادىيىتى ئۇيغۇرلاردا كۆپ ئەسىرلىك
تارىخقا ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن خەلق سۆز سەن-
ئىتىنىڭ بۇ ئاجايىپ تۈرى يېقىنقى مەزگىللەرگىچە
ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنىپ كەتمىدى. ھېچكىم تەرىپىدىن
قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈلمەي، بۇنىڭدىن بۇرۇن بارلىق-
قا كەلگەن ئەڭ ياخشى چاقچاق نەمۇنىلىرى ئۇزاق زا-
مانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنتۇلۇپ كېتىپ بىزگىچە
يېتىپ كېلەلمىدى. پەقەت يېقىنقى يىللاردىلا يازغۇچى-
مىز ماخمۇت مۇھەممەد ئەپەندى نەشر قىلدۇرغان
«ھېسام چاقچاقلىرى» ناملىق ئۇن توپلام كىتاب
بىلەن ئابدۇرۇسۇل سېيىت نەشرگە تەييارلىغان ئىلىدى-
كى چاقچاقچىلارنىڭ ھاياتى، تۇرمۇشى تونۇشتۇرۇل-
غان «چاقچاقچىلار چايخانىسى» ناملىق كىتابلار كى-
تابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، بۇ بوشلۇقنى تولدۇ-
رۇش بىلەن بىللە مەزكۇر ساھە تەتقىقاتى بىلەن شۇ-
غۇللانغۇچىلارنى قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىن
ئەتكەندىن سىرت، تېخى نۇقتىلىق ھالدا باشقا ئىلمىي
ئەمگەكلەر ئېلىپ بېرىلغىنى يوق.

ئىلى خەلق چاقچاقلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، جۈم-
لىدىن ئىلى خەلقىنىڭ پسىخىكىسىنى چۈشىنىشىمىزدە
روجەكلىك رول ئوينايدۇ. چاقچاقلىشىش ئىلى رايونى-
دىكى ئالاھىدە بولغان بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسى-
سى. ئۇنىڭ مەدەنىيەت ئاساسى چوڭقۇر بولۇپ، بىر
مىللەتنىڭ روھىيتىنى ئېچىپ بېرىشكە تامامەن يېتەر-
لىك مەنىۋى مىراس ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئىلى چاقچاق-
لىرىنى تەتقىق قىلىش پەقەت ئاددىي ھالدا خەلق چاق-
چاقلىرىنى توپلاش، رەتلەش بىلەن چەكلىنىپ قالماس-
تىن، ئۇنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن ئايرىم-ئايرىم



تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دەل ۋاقتىدا ئىشلەنمىسە بولمايدىغان قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك خىزمەت.

(1) خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن چاقچاقلارنى توپلاش بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئىجادچىسىغا ھۆكۈم قىلىش.

(2) خەلق چاقچاقلىرىنى ئېيتىلىش ئۇسلۇبى، شەكلى، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن مەزمۇنىغا قاراپ ئوخشىمىغان تۈرلەرگە ئايرىش ھەم ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ۋە تەربىيەۋى رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش.

(3) چاقچاقلارنىڭ ئوخشىمىغان يۇرت، ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى ۋارىيانتلىرىنى توپلاشقا ئەھمىيەت بېرىش.

(4) تارىختا ئۆتكەن ۋە زامانىمىزدىكى خەلق چاقچاقچىلىرىنىڭ ھاياتى، تۇرمۇشى بىلەن تونۇشۇش، ئۇلارنىڭ چاقچاق قىلىش ئۇسلۇبى، شاگىرت تەربىيەلەش ئۇسۇللىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش.

(5) چاقچاقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئاساسىي ھالقا بولغان چاقچاق سورۇنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى، دەۋرلەردىن بۇيانقى ئۆزگىرىشى، چاقچاق ئىشتىراكچىلىرىنىڭ كەيپىياتى ۋە ئۇلارنىڭ چاقچاقچىلار بىلەن ماسلىشىش ھالىتى، يەنە چاقچاقچىلارغا بېرىلىدىغان ئۆرۈملەرگىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش.

(6) ئېلى رايونىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى، مەدەنىيەت مۇھىتى، ئېلى خەلقىنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى تەكشۈرۈپ، نېمە ئۈچۈن ئىلىدا چاقچاقتىن ئىبارەت بۇ مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ ئالاھىدە قويۇق بولۇشىدىكى سەۋەبلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش.

(7) ئېلى رايونىدىكى چاقچاق پائالىيىتىنىڭ ئىلىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى مۇلاھىزە قىلىش.

(8) زۇنۇن قادىرى، زوردۇن سابىر، مەمتىمىن ھوشۇردەك ئىلىنىڭ چاقچاق مۇھىتىدا پىشىپ يېتىلگەن ئاتاقلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن چاقچاق بىلەن زىچ باغلىنىشلىق مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرگە دىققەت ئاغدۇرۇش. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ئاپتورلارنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى يۇمۇرىستىك پېرسوناژلار خاراكتېرىگە باھا بېرىش.

ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئېلى خەلق چاقچاقلىرىنىڭ كۆپلىگەن شەكىللىرى بار، بىز ئۇنى چاقچاقچىلارنىڭ چاقچاق قىلىش شەكلىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلىمىز:

1) دىيالوگ شەكلىدىكى چاقچاق. چاقچاقنىڭ بۇ شەكلىدە ئاساسلىق ئىككى چاقچاقچى ئۆزئارا چاقچاقلىشىدۇ. بۇلار كۆپىنچە ئەھۋالدا بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى مەيداندا تۇرۇپ چاقچاقلىشىدۇ. قارشى تەرەپمۇ چەبدەسلىك بىلەن ئۇنىڭغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىدۇ. چاقچاقنىڭ بۇ شەكلىدە كۆپىنچە كونكرېت بىر تېما ئۈستىدە چاقچاقلىشىدۇ. ھەركىم ئۆز مەيلىچە چاقچاق تېمىسىدىن چەتنەپ كېتىشكە بولمايدۇ. چاقچاقنىڭ بۇ تۈرى چاقچاقچىلاردىن دەرىجىدىن تاشقىرى ھازىر جاۋابلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەگەردە چاقچاقچى رەقىبىگە دەل ۋاقتىدا جاۋاب قايتۇرالمىسىلا، قارشى تەرەپ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئارقا-ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلەيدۇ-دە، كۈچلۈك كۈلكە ئىچىدە بۇ مەيدان چاقچاقلىشىش ئاخىرلىشىپ، يېڭى بىر تېمىدىن باشقا چاقچاقچىلار گەپ باشلايدۇ.

2) پاس بېرىش شەكلىدىكى چاقچاق. چاقچاقنىڭ بۇ شەكلىدىمۇ ئاساسلىق ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق چاقچاقچىلار بىرلىشىۋېلىپ، خۇددى پۇتبول مەيدانىدىكى توپچىلارنىڭ بىر-بىرىگە پاس بەرگىنىگە ئوخشاش گەپتە ئۆزئارا پاس چىقىرىشىپ، بىرىنىڭكىنى بىرى تولۇقلاپ ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن رەقىبلىرىنى بابلايدۇ. بۇ تۈردە ئاساسەن بىرلىشىۋالغان چاقچاقچىلار ئاسانلا ئۇستۇنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈپ، قارشى تەرەپنىڭ ھاياتىدىكى قىزىقارلىق ئىش ۋە ۋەقەلەرنى، خاراكتېرىدىكى ئۆزگىچىلىكلەرنى كۆپتۈرۈپ ھەجۋىي قىلىدۇ، بۇنداق بىر نەچچەيلەن بىرلىشىپ قىلغان ھۇجۇم نەتىجىسىدە چاقچاق ئوبيېكتى زادىلا ئېغىز ئاچالماي قالىدۇ.

3) ھېكايىلىق چاقچاق. بۇنى يەنە لەتىپە سۆزلەش دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىل شەكىلدە كۆپىنچە كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇستا بىر چاقچاقچى ئۆز تۇرمۇشىدا بولۇپ ئۆتكەن ياكى ئەتراپىدا ئۇچراتقان بىرەر ۋەقەنى ئىخچام، ئىنتايىن قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق كۈچلۈك كۈلكە پەيدا قىلىدۇ. بۇ تۈرنىڭ باشقا چاقچاق شەكىللىرىدىن پەرقلىنىدىغان تەرىپى بولسا، مەيلى چاقچاق ئىشتىراكچىلىرى ياكى باشقا چاقچاقچىلار بولسۇن لەتىپە سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزىگە لوقما سېلىشقا، ئېغىز كوچىلاپ گەپ ئېلىشقا بولمايدۇ.

4) ئايلانما چاقچاق شەكلى. چاقچاقنىڭ بۇ تۈرىدە ئۇستا بىر چاقچاقچى ئوتتۇرىغا چىقىپ، سورۇندىكى بارلىق كىشىلەرنى بىر باشتىن ھەجۋىي قىلىپ چىقىدۇ. چاقچاق ئوبيېكتى ئورۇن تەرتىپى بويىچە ئالمىشىپ، ئاساسەن بارلىق سورۇن ئەھلى بىرەر قېتىمدىن تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ خىل شەكىلدە چاقچاقچى ئاساسەن چاقچاق ئوبيېكتىنىڭ ھەممىگە تونۇش بولغان مەلۇم خاراكتېرىنى، ئۆزگىچىلىكلىرىنى، بولۇپمۇ كۆپىنچە كىيگەن كىيىم-كېچەكى، چاچ پاسونى قاتارلىق تاشقى قىياپەتلىرىنى ھەجۋىي قىلىدۇ. بۇ خىل شەكىل چاقچاقچىدىن ئىنتايىن تېز ئىنكاس ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرىنى كۆزىتىشكە ماھىر بولغان ئۆتكۈر كۆز تەلەپ قىلىدۇ.

5) تەقلىدىي چاقچاق. بۇنى يەنە دوراش شەكلىدىكى چاقچاق دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدا چاقچاقچى باشقا يۇرتنىڭ ئۆزگىچە شېۋىلىرىنى (بولۇپمۇ قەشقەر، خوتەن شېۋىلىرى) ياكى قازاقچە، رۇسچە، ئىنگلىزچە تىللارنى دوراپ سۆزلەش، ئۇنىڭدىن باشقا كۆپچىلىككە تونۇشلۇق تەرجىمە فىلىملىرىدىكى ئارتىسلارنى دوراپ بېرىش ئارقىلىق كۈلكە پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل چاقچاقنى ئاساسەن يۇقىرى دوراش ماھارىتىگە ئىگە چاقچاقچىلارلا ۋايىغا يەتكۈزەلەيدۇ، شۇڭلاشقا سورۇن ئەھلى بۇنداق چاقچاقلارنىڭ مەزمۇنىغا ئەمەس، چاقچاقچىنىڭ دوراش ماھارىتىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ.

6) تەرجىمە چاقچاق. دوراش شەكلىدىكى چاقچاق بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان بۇ تۈرنىڭ بىر ئۆزگىچىلىكى باشقا تىلدا قىلىنغان چاقچاقنى تەرجىمە قىلىدىغان بىر ياكى بىر قانچە تەرجىمانلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، تېخىمۇ يۇمۇرىستىك ھالدا چاقچاقلارنى ئىجادىي «تەرجىمە» قىلىدۇ. بىراق ھېچكىممۇ تەرجىمىنىڭ توغرا بولغان-بولمىغانلىقىغا باھا بەرمەيدۇ، تەرجىمە چاقچاقتىمۇ ئايلانما شەكىلدەك سورۇندىكى بارلىق كىشىلەر چاقچاق ئوبيېكتى قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا بىز يەنە چاقچاقلارنى مەزمۇنىغا ئاساسەن لەقەملىك چاقچاق، شېئىرىي چاقچاق، قاپىيەلىك چاقچاق، كۆپتۈرمە چاقچاق (لاپ) قاتارلىق بىر قانچە تۈرلەرگە بۆلىمىز.

چاقچاقچىلار ھەققىدە سۆزلەشكە توغرا كەلگەندە ئالدى بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغىنى، ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغان زامانىمىزنىڭ تىرىك نەسىردىن ئەپەندىسى ھېسام قۇربان ئۆزىنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ئۆمرىنى چاقچاق سورۇنلىرىدا ئۆتكۈزگەن، 80 ياشقا يېقىنلاپ قالغان بۇ بوۋاينى گەرچە بىز چاقچاق سورۇنلىرىدا ئىلگىرىكىدەك قويۇق ئۇچرىتالمىساقمۇ، بىراق ئۇنىڭ چاقچاق قىلىشتىكى ئاجايىپ ماھارىتى، مۆجىزە خاراكتېرلىك ھازىرجاۋابلىقى بىلەن تالاي رەقىبلىرىنى ئوڭدا قويۇپ تىللاردا داستان بولغان ئاشۇ ھاياتى بۈگۈنكى زامان چاقچاقچىلىق تارىخىمىزغا شاھىد بولالايدۇ. بۇ مەدەنىيەت تاراتقۇچى پېشۋا ئىلى چاقچاقلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدىغان مۇھىم ئۆتكەل.

ئىلىدا ھېسام قۇربان بىلەن سورۇنداش بولغان خەلق چاقچاقچىلىرىدىن يەنە سەلەي قارىياغدى، ئەبەيخان چوقۇر، ساتتار قورۇق، ئىبراھىم دىۋانە قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ياشلارغا ئورۇن بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن چاقچاق سورۇنلىرىدىكى ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن يەنىلا ھۆرمەتكە سازاۋەر. ئۇنىڭدىن باشقا مۇشۇ ئۇستازلاردىن تەلىم ئېلىپ بۈگۈنكى چاقچاق سورۇنلىرىنىڭ ئىگىلىرى بولغان ئىزباسار چاقچاقچىلاردىن ھەببۇللا ئابدۇرېھىم (كۆپىنچە كىشىلەر ھىبى دەپ ئاتايدۇ)، تۇداخۇن روزەم (پاكار لەقىمى بىلەن كىشىلەرگە تونۇش)، بولۇس نىزامىدىن، سالى ساۋۇت، مىجىت، لەتى، ياقۇپ، پەرھات، ئەخمەتجان، ئەكرەم سېتىۋالدى، مۇساجان، ھۆسەنجان، تۇرسۇن، رەخمىجان، ھەمراخان قاتارلىقلار بار.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلى خەلق چاقچاقلىرىنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ بىر كىشىلىك تۆھپىسىنى قوشۇۋاتقان خەلق قىزىقچىلىرى، چاقچاقچىلارمۇ بىزنىڭ داستانچى، قوشاقچىلىرىمىزغا ئوخشاش خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يەتكۈزگۈچىلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھاياتى، تۇرمۇشى، تەربىيەلىنىشى ۋە چاقچاق قىلىش ئۇسلۇبى ئىلى چاقچاقلىرى تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى.

ئىلى خەلق چاقچاقلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى يەنە بىر مۇھىم ھالقا ــ چاقچاق سورۇنى. ئىلى رايونىدا ئەزەلدىن چاقچاق ۋە چاقچاقچىلارغا ھازىرلانغان سورۇن باشقا يۇرتلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭرى بولغان.

ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەشرەپ، توي-تۆكۈن ۋە باشقا شەكىلدىكى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى نەغمە-ناۋا بىلەن باشلىنىپ، چاقچاق بىلەن ئەۋجىگە چىقىدۇ. ھەر يىلى باھار ئايلىرىدا جىرغىلاڭ، زايومكا، چوقۇر قاتارلىق دەريا ياقىسىدىكى مەنزىرىلىك جايلاردا بولىدىغان «دەريا سەيلىسى»، «قارىياغاچ مازار سەيلىسى»، ئۆرۈك پىششىقىدا بولىدىغان جىلىلىيۈزى، تۇرپانيۈزى، چۇلۇنقايلاردىكى «ئۆرۈك سەيلىسى»، قوغۇن پىششىقىدىكى «قوغۇن سەيلىسى»، قىش كۈنلىرى يىراق-يېقىن يېزىلاردا بولۇپ تۇرىدىغان«سوقۇم بەزمىسى»، شۇنىڭدەك غۇلجا شەھىرىنىڭ ئاۋات رەستىلىرى، چايخانا، ئاشپۇزۇللاردا كۈن ئارىلاپ ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولتۇرۇشلار، ئىلى چاقچاقلىرى ئەۋجىگە چىقىدىغان ئاساسلىق سورۇنلار ھېسابلىنىدۇ②.

چاقچاق سورۇنلىرى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان بىر شەكىل. ئۇنىڭغا قاتنىشىۋاتقان چاقچاقچىلارمۇ، قىلىنىدىغان چاقچاقلارمۇ توختىماستىن يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. چاقچاق سورۇنىنى چاقچاقچىلارنى سىنايدىغان ھەقىقىي بىر جەڭ مەيدانىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. چاقچاقچى — جەڭگە قۇرۇق قول كىرىپ، جەڭگاھتىن قورال ئېلىپ «ياۋ»غا تاشلىنىدىغان تەۋەككۈلچى③. توغرا، چاقچاقچىلار ھېچقاچان ئالدىن تەييارلىق كۆرۈپ سورۇنغا كەلمەيدۇ. ئۇلار پەقەت مۇشۇ سورۇننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارىتا، چاقچاق ئىشتىراكچىلىرى بىلەن ماسلاشقاندا، رەقىبلىرى بىلەن تۇتۇشقاندىلا ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. شۇڭا بەزى چاقچاقلار شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدىلا كۈلكە پەيدا قىلىپ، سورۇندىن ئايرىلغاندا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقىتىدۇ، ھەتتا بەزىدە چاقچاق سورۇنىدا جايىغا كەلتۈرۈپ دېيىلگەن بىر«ئەھە»مۇ كىشىلەرنى كۈلكىگە قىستىشى مۇمكىن، شۇڭا چاقچاق سورۇنى يېڭى-يېڭى چاقچاق ۋە چاقچاقچىلارنى بايقايدىغان ياخشى بىر پۇرسەت.

چاقچاق سورۇنىغا چاقچاقچىلار ئاساسەن تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇلۇپ، شۇنىڭغا يارىشا ھەق بېرىلىدۇ. بۇنى ئادەتتە زاكالەت دەپ ئاتايمىز. ئۇنىڭدىن باشقا چاقچاقچىلارنىڭ سورۇندىكى ئىپادىسىگە قارىتا سورۇن ئىگىسى ياكى باشقا ئاڭلىغۇچىلار كۆڭۈللىرىنى ئىپادە قىلىدۇ، بۇ بىز دەپ كېلىۋاتقان «ئۆرۈم». ئۆرۈم بېرىش بىر تەرەپتىن چاقچاقچىلارنىڭ قىلغان چاقچىقىنىڭ كۆپچىلىككە يارىغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن چاقچاقچىلارغا ئىلھام بولىدىغان، رىغبەتلەندۈرىدىغان ياخشى ئۇسۇل. ئىلى چاقچاق سورۇنلىرىنىڭ يەنە بىر ئۆزگىچىلىكى ئومۇمەن دېگۈدەك چاقچاق سورۇنلىرىغا ئاياللار قاتناشمايدۇ، ئەرلەرلا ئاساس قىلىنىدۇ.

چاقچاق، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاش يېزىققا ئېلىنغان تېكىستلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىقمۇ نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدىغان تۈر ئەمەس. ئۇ چاقچاقچى، چاقچاق ئوبيېكتى، چاقچاق سورۇنىدىن ئىبارەت ئاساسىي ئامىللار ئارقىلىقلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان ئالاھىدە بىر شەكىل. چاقچاقتىن ئىبارەت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بۇ ئالاھىدە تۈرىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى جاپالىق ھەم شەرەپلىك ئىلمىي ئەمگەك. ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرىنىڭ زامانىمىزدىكى نامايەندىسى بولغان ئىلى خەلق چاقچاقلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش فولكلور ساھەسىنىڭ تەقەززاسى.

ئىزاھاتلار:

① ئوسمان ئىسمائىل تارىم: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2009-يىللىق نەشرى 393-بەت.

② ئابدۇرۇسۇل سېيىت: «چاقچاقچىلار چايخانىسى» شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2008-يىللىق نەشرى 53-بەت

③ ئەسئەت ئابدۇرىشىت: «چاقچاقچىلارنىڭ دەردى يوقمۇ» «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 2008-يىللىق 6-سان.

پايدىلانمىلار:

1. ئابدۇرۇسۇل سېيىت: «چاقچاقچىلار چايخانىسى» شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2008-يىللىق نەشرى.

2. راھىلە داۋۇت «ھېسام چاقچاقلىرىنى توپلاپ رەتلەشتىكى بەزى تېخنىكىلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا»، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 2000-يىللىق 5-سان.

3. مەتىمىن ھوشۇر «ئىلى تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىش» «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1984-يىللىق 4-سان.

4. ئوسمان ئىسمائىل تارىم: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2009-يىللىق نەشرى.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى 2009-يىللىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يۆنىلىشىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى)



# ئۇيغۇرلارنىڭ نەقلىيات فولكلورى

ئابدۇقەييۇم مىجىت

**1. مۇقەددىمە**

نەقلىيات (قاتناش-ترانسپورت) فولكلورى — كىشىلەرنىڭ يولغا چىقىش، سەپەر قىلىش ۋە قاتناش قوراللىرىغا ئائىت ئېتىقاد، ھەرىكەتلىرى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قاتناش ئەسلىھەلىرى ۋە قاتناش قوراللىرىنى ئىجاد قىلىشى ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىش جەريانىدا پەيدا بولغان قاتناشقا مۇناسىۋەتلىك ئادەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسىدا ئاڭلىق يوسۇندا يول يۈرۈشكە باشلىغان ۋاقىتلىرىدىلا ئەڭ دەسلەپكى قاتناش ۋە قاتناش فولكلورى شەكىللىنىشكە باشلىغان. قاتناش ساھەلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشى، قاتناش ئەسلىھەلىرى ۋە قاتناش قوراللىرىنىڭ كۈنسېرى تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئېتىقاد ۋە ئادەتلەر ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىكىدەك مول ۋە رەڭگارەڭ نەقلىيات فولكلورى شەكىللەندى. شەكىللىنىش ۋە تارقىلىش دائىرىسىدىن قارىغاندا، نەقلىيات فولكلورى ناھايىتى روشەن يەرلىكلىككە ئىگە بولۇپ، قاتناش ئەسلىھەلىرى، قاتناش قوراللىرى ۋە قاتناش ئېتىقادى ۋە پەرھىزلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى نەقلىيات ئادەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى جۇغراپىيەلىك مۇھىت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، ھەتتا بەزىلىرى جۇغراپىيەلىك مۇھىت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. دۇنيادىكى قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مەملىكەتلەردە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3000-يىللاردىلا قاتناش قوراللىرى ئىختىرا قىلىنغانلىقى ۋە ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم. چاقنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى، ھەتتا ئىنسانلارنىڭ ئات، كالا، ئېشەك ۋە ئادەملەرنىڭ چاقتىن پايدىلىنىپ قاتناش قوراللىرىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىشكە باشلىغان دەۋر مەدەنىيىتىنى «چاق مەدەنىيىتى» دەپ ئاتىدى. چاقنىڭ يەر يۈزى بىلەن بولغان سۈركىلىش كۈچىنى ئازايتىش رولى ئۇنىڭ باشقا قاتناش قوراللىرىدىن روشەن پەرقلىنىدىغان ئەۋزەللىكى ئىدى. شۇڭا يول قاتنىشىنى چاق مەدەنىيىتىگە ئەگىشىپ پەيدا بولغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. زامانىۋى قاتناش قوراللىرىنىڭ ئىجاد قىلىنى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شى ۋە ئومۇملىششىغا ئەگىشىپ، جەمئىيەتتە قاتناش مە-
سىلىلىرىمۇ كۆپ يۈز بېرىپ، بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ
دىققىتىنى تارتىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. تېخ-
نىكا نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى نو-
پۇسنىڭ تارقىلىشىمۇ ئىنسانلارنىڭ قاتناش شەكلى بىلەن
زىچ مۇناسىۋەتلىك. قاتناش ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەق-
قىياتى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم
ئورۇن تۇتىدۇ. قاتناشسىز مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى، تاۋار
ئالماشتۇرۇش ۋە مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشىنى، ھەتتا بۈگۈن-
كى دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە
ئىنسانلاردا قاتناش چۈشەنچىسى ۋە قاتناش قوراللىرى
بولمىغانلىقتىن ياياق، پىيادە يول يۈرگەن. گەرچە پىيادە
يۈرۈش قاتناشنىڭ رولىنى ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن بىز
بۇنى قاتناش دەپ قارىيالمايمىز. قاتناشنىڭ شەكىللىنىشى
ئۈچۈن چوقۇم پىيادە يۈرۈشنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان
قاتناش قوراللىرى بولغان بولۇشى كېرەك. توشۇش-
يۆتكەش ئىشلىرىنى ئىنسانلار بېشىدا، مۈرىسى (دولىسى،
ئۆشنىسى، شىللىسى)دە يۈدۈش ۋە قولىدا كۆتۈرۈشكە تا-
يىنىپ قىلغان. ئۇيغۇرلاردا تېخى يېقىنقى يىللارغىچە داۋام-
لاشقان بازارلاردا نانلارنى بېشىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ سات-
ىدىغان ئادەتلەر بار ئىدى. بۇ ئىپتىدائىي ترانسپورت ئا-
دىتىنىڭ ئىزناسىدۇر. بۇ مەلۇم مەنىدە ئىنسانلارنىڭ ئۆز
بەدىنىنىڭ كۆتۈرۈش، يۈدۈش ئىقتىدارىنى ھېس قىلىشى
ۋە ھاياتلىق ئېھتىياجى ئۈچۈن پايدىلىنىشىدۇر. ئىنسانلار
سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئېغىر نەرسى-
لەرنى كۆتۈرۈش نامراتلار ۋە تۆۋەن قاتلام كىشىلىرىنىڭ
زىممىسىگە چۈشتى. ھۆكۈمرانلار، داھىيلار، بەگ ۋە ئاق-
سۆڭەكلەرنى كىشىلەر تەختىراۋانلارغا سېلىپ كۆتۈرۈپ
ماڭىدىغان بولدى. تەختىراۋاندا ئولتۇرغۇچىلار ئۆزىنىڭ
مەنسەپ-مەرتىۋىسى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنى نامايان
قىلىش ئۈچۈن تەختىراۋانغا ئولتۇرسا، تەختىراۋاننى كۆ-
تۈرگۈچىلەر ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن تەختىرا-
ۋاننى كۆتۈرەتتى. تارىختا تەختىراۋاندا ئولتۇرۇش جەمئى-
يەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىگە نېسىپ بولىدىغان ئىش بول-
مىغانلىقتىن قاتناش-ترانسپورتنىڭ بۇ خىل تۈرى ئانچە
ئومۇملىشىپ كەتمىگەن، كېيىنكى مەزگىللەردە قاتناش بې-
كەتلىرىدە يۈك قاچىلاپ، يۈك چۈشۈرۈش، يۈك توشۇش
ئارقىلىق جېنىنى باقىدىغان ھامماللار پەيدا بولغان ۋە
ھامماللىق بىر كەسىپ بولۇپ تەرەققىي قىلغان. زامانىمىز-
دىكى يۈك-تاقلارنى ھاۋالىلىك توشۇش ئورۇنلىرىمۇ
مۇشۇ ئاساستا پەيدا بولغان. ئۇيغۇر خەلقىمۇ جاھاندىكى
باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تە-
رەققىياتى ۋە قاتناش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆزىگە خاس
قاتناش ئەنئەنىسى، ئورتاق قاتناش تەرتىپى، قاتناش قارد-
شى ۋە قاتناش ئەخلاقى، نەقلىيات فولكلورى، قاتناش
ئېڭى ۋە مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ ئۆزلىرىنىڭ
تۈرلۈك ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىش بىلەن بىللە، ئىنسانى-
يەتنىڭ نەقلىيات مەدەنىيىتىگە بەلگىلىك تۆھپىلەرنى
قوشقان مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى. جاڭ گۇاڭدا
ئەپەندى: «ياۋروپا-ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى ئادەم-
لەر ھەرقايسى بوستانلىقلار ئارىسىدىكى ئۇزۇك يوللارنى
تۇتاشتۇرۇش، ئېگىز تاغ ۋە ھەيۋەتلىك چوققىلار ئارىسى-
دىن ماڭغىلى بولىدىغان تاغ ئېغىزلىرىنى تېپىش ئارقىلىق
شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدا بېرىش-كېلىش قىلغىلى بول-
ىدىغان قاتناش يولى ۋە نىشان مەنزىلىنى مۇئەييەنلەشتۈر-
گەن، شۇنداقلا مەلۇم تاغ تىزمىلىرىنى، قۇملۇقلارنى ئىن-
سانلارنىڭ قاتناش-ئالاقە تورىغا كىرگۈزگەن. شۇڭا ئا-
دەملەر ياۋروپا-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى مەدەنىيەتنىڭ تونۇ-
لىنىش لىنىيەسى توغرۇلۇق گەپ قىلغاندا، ئالدى بىلەن
بوستانلىقلارنىڭ مەدەنىيەتنى تولۇقلاش قىلىشتىكى رولىنى
ئويلىشى لازىم»① دەيدۇ. كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان رايونلارغا قارىغاندا مۇقىم ئولتۇراق دېھ-
قانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يېزا ئىگىلىك رايونلىرىدا
يول قاتنىشى بەكرەك تەرەققىي قىلغان. ئوۋچىلىق ۋە
كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا ياشايدىغان خەلقلەردە
مۇنتىزىم يوللار بولمىغان، بولسىمۇ كۆپ بولمىغان. ئەمما
چارۋىچى خەلقلەردە كوللېكتىپ ھەرىكەت قىلىشقا ۋە كۆ-
چۈشكە توغرا كەلگەندە مىنىشكە، يۈكلەرنى توشۇشقا يې-
تەرلىك ھايۋانات تۈرىدىكى قاتناش قوراللىرى بولاتتى.
بۇ ئەلۋەتتە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلى-
كىگە قارىغاندا ھايۋانات تۈرىدىكى قاتناش قوراللىرىنى
ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئەۋزەللىكى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.
دۇنيادىكى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئىگىلىك شەكلى ۋە ئىق-
تىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرى ئۇلارنىڭ قاتناش-ترانس-
پورت شەكلىگە، نەقلىيات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە
نەقلىيات ئادەتلىرىگە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆر-
سەتكەن. يەر شەكلى، ھاۋارايى... قاتارلىق جۇغراپىيەلىك
شەرت-شارائىت؛ ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي مۇھىت ئامىللىرد-

مۇ ئىنسانلارنىڭ نەقلىيات فولكلورىغا بەلگىلىك تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. شۇڭا سۇ قاتنىشىنى ئاساس قىلغان رايونلاردىكى سۇ قاتنىشى قوراللىرىنى ھەيدەيدىغانلارنىڭ سۇ ھەققىدىكى بىلىملىرى كۆپرەك بولسا، قۇرۇقلۇق قاتنىشى ئاساس قىلىنغان رايونلاردىكى كىشىلەرنىڭ يەر شەكلى ھەققىدىكى بىلىمى كۆپرەك بولغان.

**2. ئاممۋى قاتناش ئەسلىھەلىرى**

(1) يول — ئادەم ياكى ترانسپورت قاتنىشى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئۇزۇن يەر بۆلىكى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاممۋى ئەسلىھەلىرى ئىچىدە يول ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. يول قانداق شەكىللەنگەن؟ قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرىدا يولنىڭ قانداق رولى بار؟ يول زېمىندىكى تۇنجى تۇركۇمدىكى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تارىخىي پائالىيىتى جەريانىدا باسقان تۇنجى ئاياغ ئىزى ۋە ئۇلار پايدىلانغان قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ ئىزلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. زامانىمىزدىكى چوڭ-چوڭ داغدام يوللار قەدىمكى كىچىك چىغىر يوللار ئاساسىدا پەيدا بولغان. ئۇيغۇر تىلىدا يول سۆزىنىڭ مەنىسى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، «يول» سۆزى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى»دە «(1) ھەرىكەت، يۆنەلگەن تەرەپ، يۆنىلىش، نىشان؛ (2) سەپەر قىلىش، بىرەر ياققا بېرىش، ساياھەت؛ (3) بېسىپ ئۆتىدىغان مەنزىل، مۇساپە؛ (4) غايىۋى يۆنىلىش، دۇنيا قاراش، مەسلەك، مەزھەپ؛ (5) بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ ۋاستىسى، ئۇسۇل، چارە، تەدبىر، ئامال؛ (6) ئەنئەنىۋى ئادەت، قائىدە-يوسۇن، شەرىئەت، قانۇن؛ (7) رىئايە، ھۆرمەت، ئىمكان، مەدەت، ئىجازەت؛ (8) ئەقىل، مەسلىھەت؛ (9) مەرتە، قېتىم، نۆۋەت.» دېگەندەك ئەسلىي ۋە كۆچمە مەنىلەرگە ئىگە دەپ ئىزاھلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى يول سۆزىنىڭ بۇنداق كۆپ مەنىلەرنى بىلدۈرۈشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا يولنىڭ مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ تىل ئىستېمالىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. يولنى چوڭ-كىچىكلىكى، شەكلى ۋە ئىشلىتىلىشىگە قاراپ بىر قانچە تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن، تاشيول، مايىول، كوچا، چىغىريول، قۇرۇقلۇق يولى، سۇ يولى، ھاۋا يولى، ئارقان يول، تاغ ئايلانما يولى، قار-مۇز يول... قاتارلىقلار. ئۇيغۇرلاردا يولچىلىقمۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە. سەپەرنىڭ مۇشەققەتتى يولنىڭ قانداقلىقىغا باغلىق. ئۇيغۇرلار يولنى ئاساسلىق قاتناش ئەسلىھەلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە تونۇپ، يولدا تىكەن، تاش... دېگەندەك كىشىلەرنىڭ خاتىرجەم سەپەر قىلىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان نەرسىلەرنى يولدىن ئېلىۋېتىپ مېڭىشنى ساۋابلىق ئىش دەپ قارايدۇ ۋە بۇ ئادەت بىر ئومۇمىي ئەخلاقا ئايلانغان. ھەركىم يولنىڭ ئۆز ئۆيىنىڭ ئالدىغا توغرا كېلىدىغان قىسمىنى پاكىزە تۇتۇش ۋە تازىلاپ تۇرۇش، يول سورىغانلارغا ئېرىنمەي، تېرىكمەي يولنى توغرا كۆرسىتىپ قويۇش، مۇمكىن بولسا ئاپىرىپ قويۇش، يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىشنى ساۋابلىق ئىش دەپ بىلىش... قاتارلىق ئىشلارغا ئادەتلەنگەن. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «دىۋان» دەپ ئاتىلىدۇ)تىكى يول ھەققىدىكى خاتىرىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى مول نەقلىيات فولكلورىغا ئىگە خەلق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ. مەسىلەن، «ئاست — تار، كوچا...» (1 — 60)؛ «ئازرىش — ئارىش. ئاچال. ئىككىگە ئايرىلغان يولنىڭ بېشى؛ ئاچال» (1 — 131)؛ «ئەرتىك — يۇرۇلگەن، كۆپ دەسسەلگەن يول» (1 — 140)؛ «ئەشكىن —... ئەشكىن تۇپراق- ئېقىپ كەلگەن قۇم-توپا. ئۇزۇن يولمۇ ‹ئەشكىن› دېيىلىدۇ» (1 — 147)؛ «مۇندۇز — ئەخمەق، دۆت. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: نەچچە مۇندۇز ئەرسە ئىش ئەزگۈ نەچە ئەگرى ئەرسە ئىش ئەزگۈ نەچە ئەگرى ئەرسە يول ئەزگۈ-قانچە ئەخمەق بولسىمۇ، ھەمراھ ياخشى؛ ھەر قانچە ئەگرى بولسىمۇ، يول ياخشى. چۈنكى، يول بولمىسا، مەنزىلگە يەتكىلى بولمايدۇ» (1 — 598)... قاتارلىقلار. «دىۋان»دىكى بۇ بايانلار ئەينى دەۋرلەردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەقلىيات فولكلورىدىن ئۈچۈر بەرگۈچى قىممەتلىك بايلىقلاردۇر. قەدىمكى زامانلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيانى كېسىپ ئۆتۈپ، ئوتتۇرا دېڭىزغا تۇتۇشىدىغان بۈيۈك كارۋان يولى بولغان بولۇپ، بۇ يول «يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان. مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى 1000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە جۇڭگو ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ يىپەك ۋە يىپەك توقۇلمىلىرى مۇشۇ يول ئارقىلىق ياۋروپاغا توشۇلغانلىقى ئۈچۈن «يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان. مىلادىيەدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن يىپەك يولى دېڭىز يولى ۋە قۇرۇقلۇق يولىدىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈنگەن. يىپەك يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 7000 كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، قەدىمكى زاماندىكى ئەڭ ئۇزۇن قۇرۇقلۇق يولى ھېسابلىناتتى. يىپەك يولى ئاسىيا،

www.uyghurkitap.com



ئافرىقا، ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىساد ۋە
مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا غايەت زور رول ئوينىغان.
يىپەك يولىنىڭ ھەرقايسى لىنىيەلىرىنىڭ دىيارىمىز شىنجاڭ
تەۋەسىدىن ئۆتكەنلىكى ۋە شىنجاڭنىڭ يىپەك يولىنىڭ تۈ-
گۈنگە جايلاشقانلىقى شىنجاڭنىڭ قاتناش-تىرانسپورت
ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.
يول ـــ بوستانلىقلارنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، يىراقنى
يېقىن قىلىدىغان ۋاستە، ئەمما باشقا يۇرتلاردا يول يۇر-
گەندە يولنى بىلمەك تەس. بۇنداق ئەھۋالدا چوقۇم يول
بەلگىسىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. «دىۋان»دا «ئۇلا ـــ
چۆلدە يول كۆرسىتىدىغان بەلگە. ماقالىدە مۇنداق
كەلگەن: ئۇلا بولسا يول ئازماس، بىلىك بولسا سۆز
يازماس. بەلگە بولسا، يولدىن ئازماس، بىلىم بولسا،
سۆزدىن قايماس. چۆللەردە يول كۆرسىتىدىغان بەلگە
بولسا، يولدىن ئېزىپ كەتمەيدۇ، كىشىدە بىلىم بولسا،
سۆزدە يېڭىلىشمايدۇ» (1 ـــ 123)؛ دېيىلگەن بولۇپ،
«دىۋان»دا بۇ بەلگىلەر سۇنئىي بەلگىلەرمۇ ياكى تەبىئىي
بەلگىلەرمۇ بۇ ھەقتە ئېنىق ئۇچۇر بېرىلمىگەن. بىزنىڭچە
بۇلار تاش، ياغاچ قاتارلىق يولنىڭ يۆنىلىشىنى كۆرسىتى-
دىغان ۋە مۇساپىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەر بولۇشى
مۇمكىن.

(2) كۆۋرۈك ـــ ئېرىق-ئۆستەڭ، دەريا ۋە جىرا
قاتارلىقلاردىن قاتناش قوراللىرى ۋە ئادەملەرنىڭ ئۆتۈ-
شى ئۈچۈن ياسالغان قۇرۇلما بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر بىناكار-
لىقىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپلا قالماستىن،
بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەقلىيات (قاتناش-تىرانسپورت) ئىش-
لىرىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىغان ئاممىۋى ئەسلىھە-
لەرنىڭ بىرىدۇر. كۆۋرۈكلەر ئادەتتە ئىشلىتىلگەن ماتېرى-
يالىغا قاراپ ياغاچ كۆۋرۈك، تاش كۆۋرۈك، خىش
كۆۋرۈك، تۆمۈر كۆۋرۈك، بامبۇك كۆۋرۈك قاتارلىقلار-
غا، قۇرۇلمىسىغا قاراپ لىم كۆۋرۈك، ئەگمە كۆۋرۈك،
سال كۆۋرۈك (لەيلىمە كۆۋرۈك)، ئاسما كۆۋرۈك قاتار-
لىقلارغا بۆلۈنىدۇ. كىچىك كۆۋرۈكلەر «كۆۋرۈكچە» دې-
يىلىدۇ. كۆۋرۈكلەر دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى كىشى-
لەرنىڭ بېرىش-كېلىش ۋە ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدا ناھا-
يىتى مۇھىم رول ئوينىغان. مەسىلەن، «ئىلى دەرياسىنىڭ
ئىككى قىرغىقىدا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەر ئەڭ دەسلەپ
قىش پەسلىدە دەرياغا مۇز تۇتقاندا مۇز ئۈستىدىن ئۆتۈپ
ئۆزئارا قاتناپ تۇرغان. كۈز كۈنلىرى سۇ ئازايغاندا دەر-
يانىڭ ئەپلىك جايلىرىنى تېپىپ ئات، كالا، تۆگە كۆچىگە
تايىنىپ دەريادىن ئۆتكەن. بىختەرلىك ئۈچۈن قومۇشنى
ئىككى باغ قىلىپ باغلاپ، ئاتنىڭ ئىككى يېنىغا تېڭىپ
سۇدىن ئۆتكەندە بىختەرلىككە كاپالەتلىك قىلغان. چوڭ
كۆچۈش، ھەربىي يۈرۈشلەردە ئۇزۇن ياغاچلارنى باغلاپ
سال ياساپ يۈك-تاق، قېرى-چۆرى، بالىلار ۋە
ئۇششاق ماللارنى سۇدىن ئۆتكۈزگەن. قوينى تولۇمچى-
لاپ سويۇپ، يۇڭنى قىرقىپ تولۇم ياساپ پۈۋلەپ، تو-
لۇملارنى بىر-بىرىگە باغلاپ كېمە قىلىپ ئىشلەتكەن.
چوڭ كۆتەكلەرنى چېپىپ قېيىق ياساپ سۇدىن ئۆتكەن...
كىشىلەر مۇزنىڭ ئويۇلۇپ چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش
ئۈچۈن قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇسۇل بويىچە
قومۇش ياكى شاخ-شۇمبىلارنى باغلاپ، ئۇنى تال بىلەن
بىر-بىرىگە چېتىپ مۇز ئۈستىگە ياكى مۇزنىڭ يېرىلغان
يېرىگە تاشلاپ قويغان، بىر-ئىككى كۈن ئۆتكەندىن
كېيىن قومۇش توڭلاپ مۇز كۆۋرۈك ھاسىل بولغان. يو-
لۇچىلار مۇشۇ مۇز كۆۋرۈك ئۈستىدىن ئاۋايلاپ
ئۆتكەن»②، بۇ ئەڭ ئىپتىدائىي كۆۋرۈكلەر ھېسابلىنات-
تى. «دىۋان»دا: «كۆپرۈك ـــ كۆۋرۈك» (1 ـــ 624)؛
دېيىلگەن. ئۇيغۇرلاردا كۆۋرۈك سېلىش ئۇيغۇرلار
كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىك شەكلىدىن مۇقىم بولغان
ئولتۇراقلىشىش شەكلىگە ئۆتكەندىن كېيىن تېخىمۇ تەرەق-
قىي قىلغان بولۇپ، كۆۋرۈك ياساشنىڭ قەدىمىيلىكىدىن
قارىغاندا ئۇيغۇرلاردا قاتناش-تىرانسپورت ئىشلىرىنىڭ نا-
ھايىتى بۇرۇنلا زور ئېتىبارغا ۋە تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلى-
كىنىڭ بەلگىسىدۇر. «ئەجدادلىرىمىز يول ئېچىش جەريا-
نىدا چوڭ-كىچىك دەريا-ئېقىنلارغا داۋاملىق دۇچ كېلىپ
تۇرغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەريالارنىڭ ئىككى قىرغىقى-
نى تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن يولنى سوزۇشقا مەجبۇر بولۇپ،
قايتا-قايتا تەجرىبە-سىناق قىلىش ئارقىلىق ياغاچ بىلەن
سوزۇش چارىسىنى تاپقان ۋە يولنىڭ بۇ سوزۇلغان قىسمى-
نى ‹كۆۋرۈك› دەپ ئاتاشقان. ئەڭ بۇرۇن مۇنداق كۆۋ-
رۈكلەر ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، بىر تال ياغاچتىن ‹ياسال-
غان›، مۇنداق ئاددىي كۆۋرۈك ‹سالغا› دەپ ئاتالغان.
ئەجدادلىرىمىز كېيىنچە كۆۋرۈكنى شۇ سالغا ئاساسىدا تەد-
رىجىي ئىككى تال، ئۈچ تال، بارا-بارا ئالتە-يەتتە تال
ياغاچنى قاتار قويۇپ ئۈستىنى شاخ-شۇمبا، توپا بىلەن
كۆمۈپ ياسايدىغان بولغان. كېيىنچە پۈتۈنلەي قېلىن
تاختاي بىلەن ئىككى يانغا رېشاتكا چىقىرىپ ياسايدىغان

بولغان، مۇنداق كۆۋرۈكلەرنى «تاختا كۆۋرۈك» دەپ ئاتىغان»③. بۇنىڭدىن ئون يىللار بۇرۇن ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان مەھەللىلەردە ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن بىر ئېرىق بولاتتى. بۇ ئېرىقلار ئىشىك بىلەن يولنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، ئېرىقتىن ئۆيگە كىرىشتە كۆۋرۈك سېلىناتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە كۆۋرۈك — «تۇتاشتۇرۇش، ئۆتتۈشتۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان ئادەم ياكى شەيئى، باغلاپ تۇرىدىغان نەرسە، ئالاقە، باغلىنىش، ۋاستە» دېگەندەك سىمۋوللۇق مەنىلەرگە ئىگە. ئۇيغۇرلار كۆۋرۈك ياساشنى بىرخىل ساۋابلىق ئىش دەپ قارايدۇ. مەھەللىدە ئومۇم ئۈچۈن بىر كۆۋرۈك سېلىنماقچى بولسا، پۇلى بارلار پۇل، پۇلى يوقلار كۈچ چىقىراتتى. ئۇيغۇرلاردا كۆۋرۈككە مۇناسىۋەتلىك يەر-جاي ناملىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، دۆڭكۆۋرۈك، كۆۋرۈكبېشى... قاتارلىقلار.

## 3. ئەنئەنىۋى قاتناش قوراللىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قاتناش قوراللىرىنى ماڭىدىغان يولىغا قاراپ قۇرۇقلۇقتىكى قاتناش قوراللىرى ۋە سۇ قاتنىشى قوراللىرى دەپ ئىككى تۈرگە، ئۇلارنىڭ شەكلىگە قاراپ ھايۋانات تۈرىدىكى قاتناش قوراللىرى، ھاۋا تۈرىدىكى قاتناش قوراللىرى ۋە باشقا قاتناش قوراللىرى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. تۆۋەندە بىز بۇ ھەقتە تەپسىلىيرەك توختىلىپ ئۆتىمىز:

بىرىنچى، ھايۋانات تۈرىدىكى قاتناش قوراللىرى

ھايۋانات تۈرىدىكى قاتناش-تىرانسپورت قوراللىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتى ئۇۋچىلىق ئىگىلىكىنىڭ نەتىجىسى. ئىنسانلار ئۆزلىرى ئۇۋلىغان ياكى تۇتۇۋالغان ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش، قولغا ئۆگىتىش ئارقىلىق ئۇلاردىن قاتناش-تىرانسپورت قورالى سۈپىتىدە پايدىلانغان. ھايۋانلاردىن قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىش دۇنيادىكى كۆپلىگەن مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ئۇ يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن. جەنۇبىي ئامېرىكىدا قوي تۆگە (لاما) ۋە ئېكۋادور قوي تۆگىسى، ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدا پىل (مەسىلەن، ھىندىستان)، شىمالىي رايونلاردا بۇغا ۋە ئىت قاتارلىقلار قاتناش قوراللىرى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. ئۇيغۇرلاردا ئېشەك، ئات، تۆگە، كالا، قېچىر، قوتاز... قاتارلىق ھايۋانلار قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىلغان. تۆۋەندە بىز بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز:

1) ئېشەك — توم تۇياقلارغا مەنسۇپ، قۇلاقلىرى ئۇزۇن، سۈت ئەمگۈچى ئىش ھايۋىنى بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئېشەكنى بېقىش، ئىشلىتىش ئاسان. تۆگە، ئات-ئېشەك، ھارۋىلاردىن تەشكىل تاپقان، يىراق يەرگە يۈك ۋە ئادەم توشۇيدىغان چوڭ كىراكەشلەر قوشۇنىنى «ئېشەكچى» دەپ ئاتاپ قويىدىغان ئادەتمۇ بار. تاغلىق رايونلاردىكى تىك قىيالار ئۈستىدىكى ئەگرى-بۈگرى، ئېگىز-پەس يوللاردا سەپەر قىلغاندىمۇ ئېشەك ئەڭ ئاساسلىق قاتناش قورالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تاغداۋانلاردىكى تىك قىيالارغا چىقىش كىشىلەر ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ يول ماڭسا تاغدىن غۇلاپ چۈشۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا تەخەيلەرنى ھارۋىغا قوشۇشتىن بۇرۇن «ياخشى ماڭىدىغان بولىدۇ» دەپ تەخەيلەرنىڭ پۇتىنى بوغۇپ قويۇش، ئانىسى قوشۇلغان ھارۋىنىڭ شوتىسىغا باغلاپ قويۇشتەك ئادەتلەر بولغان. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى ئىچىدە ئېشەك سۆزى تىلغا ئېلىنغان تەمسىللەر كۆپرەك بولۇپ، «ئات تاپقۇچە ئېشەك مىن»؛ «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا، قۇلىقىنى كەس»؛ «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى»؛ «ئېشىكى ئۈچ تەڭگە، توقۇمى بەش تەڭگە»... دېگەندەك ماقال-تەمسىللەر كۆپ ئۇچرايدۇ.

2) ئات — مىنىلىدىغان، ھارۋا، چانا ۋە قوش، خامانلارغا قوشۇلىدىغان ئىش ھايۋىنى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئاتنى ئاساسەن ئېگەرلەپ مىنىش ياكى ھارۋىغا قوشۇش شەكلىدە قاتناش قورالى قىلىدۇ. ئىساك ئاسىموپ «قاتناش ئىنقىلابى» ناملىق ئەسىرىدە «ئات ئۇلاغتىن قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىش تەخمىنەن مىلادىدىن 2000 يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، 4000 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى ئات قۇرۇقلۇقتىكى ئاساسلىق قاتناش قورالى بولۇپ كەلدى...» ④ دېگەن. ئۇيغۇرلاردا «ئاتنى قامچا بىلەن ھەيدىگۈچە، يەم بىلەن ھەيدە» دەيدىغان ماقال بار بولۇپ، بۇ كىشىلەرنىڭ قاتناش قورالى ئاتقا بولغان پوزىتسىيەسىنىڭ ئىپادىسى. بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئەجدادلىرىمىز تاي مىنگۈدەك ياكى يۈك توشۇغۇدەك بولغاندا «تاي ئاتاتتى» دېيىشەتتى. ئۇيغۇرلاردا ئات ۋە ئات مەدەنىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلار كۆپ بولغىنى ئۈچۈن بۇ يەردە كۆپ توختالمايمىز.

www.uyghurkitap.com



3) تۆگە ــ يىراق يوللاردا يۈك توشۇشقا ئەپلىك
ئىش ھايۋىنى بولۇپ، ئۇنىڭ «چۆل كېمىسى»، «قۇملۇق
كېمىسى» دېگەن نامى بار. چۆللەردە سەپەر قىلغۇچى
كارۋانلار ئات، ئېشەككە قارىغاندا كۆپرەك تۆگە ئىشلىتى-
دۇ. چۈنكى ئات، ئېشەكلەرگە قارىغاندا تۆگە ئېغىرراق
يۈكلەرنىمۇ كۆتۈرەلەيدۇ. ئوزۇقى ئاز ھەم تېجەشلىك بو-
لىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆگىنىڭ تاپىنى كەڭ بولغانلىقتىن
پۇتى قۇمغا پېتىپ كەتمەستىن تېز يۈرەلەيدۇ. «تۆگە ئۇس-
سۇزلۇق ۋە ئاچلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، ياۋاش،
ئەمما كۈچتۈگگۈر ھايۋان بولۇپ، ئۇ شىنجاڭنىڭ جۇغرا-
پىيەلىك شارائىتىغا ناھايىتى ماسلاشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن
ئۆتمۈشتە شىنجاڭنىڭ ئۇزۇن يوللۇق قاتنىشىدا تۆگە ئا-
ساسلىق رول ئوينىغان. ھەرقايسى يۇرتلاردا ئۇيغۇرلار-
دىن ئاتاقلىق تۆگىچىلەر (كارۋان بېشى) بولغان. بولۇپمۇ
كەلپىن ناھىيەسى، قەشقەر كوناشەھەرنىڭ ئوپال، تاشمى-
لىق رايونلىرى تۆگە قاتنىشىدا مەشھۇر بولۇپ، بۇ جايلار-
دا تۆگە بېقىش ۋە ئۆستۈرۈشنىڭ ئۆزىگە خاس بىر
يۈرۈش ئادەتلىرى شەكىللەنگەن»⑤. ھەرقايسى يۇرتلار-
دىكى تۆگىچىلەر كارۋانلارنى قانداق تەشكىللەش، توشۇي-
دىغان ماللارنى قانداق قاچىلاش، تۆگىنىڭ ئۈستىگە
قانداق جايلاشتۇرۇش، چۆل-جەزىرىلەردە تۆگىلەرنىڭ
يەم - خەشەك ۋە سۇلىرىنى قانداق ھەل قىلىش، ياۋايى
ھايۋانلار ۋە قاراقچىلاردىن قانداق مۇداپىئەلىنىش ۋە
ئۇزۇن يوللۇق سەپەرلەرگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق قىيىنچى-
لىق ۋە جاپا-مۇشەققەتلەرنى قانداق ھەل قىلىشتا مول
تەجرىبىلەرگە ۋە يەرلىك بىلىملەرگە ئىگە ئىدى. پۈتۈن
دۇنيا قۇرۇقلۇقىنىڭ 1/10 قىسمى قۇملۇق بولۇپ، دىيارى-
مىز شىنجاڭدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى دۇنيا بويىچە 2-
چوڭ قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ كۆلىمى 330 مىڭ كۋ-
ۋادرات كىلومېتىر بولىدۇ. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق تا-
رىخىي تەرەققىياتلار جەريانىدا غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيە-
لىك شارائىتىغا ماس كېلىدىغان قاتناش-ترانسپورت ئادى-
تىنى شەكىللەندۈرگەن ۋە نۇرغۇنلىغان يەرلىك بىلىملەرنى
جۇغلىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قۇملۇق ھەققىدىكى يەرلىك بى-
لىملىرى ئۆزىگە ھاياتلىقنىڭ كاپالىتى بولغان بوستانلىق
ۋە دەريا-ئېقىنلارنى يۇتۇپ كېتىش بىلەن ئىزچىل
تەھدىت سېلىپ كېلىۋاتقان قۇملۇقلار ھەققىدىكى ئىزدى-
نىشلىرى، ئويلىنىشلىرى ئارقىلىق ئېرىشكەن تەجرىبىلەر
ۋە بىلىملەردۇر. مەسىلەن، تەجرىبىلىك تۆگىچىلەر تۆگى-
لەرنىڭ توختاش ۋە يەرگە ئىشارەت بەلگىلىرىنى سىزد-
ىشىغا قاراپ قەيەردە سۇ بارلىقىنى بىلىشكە ماھىر كېلى-
دۇ. قۇملۇقتا تولا ئەھۋاللاردا تۇيۇقسىز قارا بوران
چىقىپ كېتىدۇ، چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ، قۇم،
شېغىل - تاشلار ئادەمنىڭ ئېغىز، بۇرۇن، كۆز، قۇلاق-
لىرىغا كىرىپ ئادەمنى چىدىغۇسىز قىلىۋېتىدۇ. بوراننىڭ
ھۇۋلىشى ۋە تاش - شېغىللارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇ-
شى بىلەن قورقۇنچلۇق، غەلىتە ئاۋازلار چىقىپ ئادەم-
نىڭ كۆڭلىنى ۋەھىمە قاپلايدۇ. قۇملۇقتا كۆپ سەپەر
قىلغان تەجرىبىلىك تۆگىچىلەر ۋە كارۋان باشلىرى تۆگى-
لەرنىڭ پۇراش ۋە ئاغزى - بۇرنىنى قۇمغا پاتۇرۇش ئار-
قىلىق كېلىش ئالدىدا تۇرغان بوران - چاپقۇندىن شەپە
بېرىش ئالاھىدىلىكىگە تايىنىپ قارا بوراندىن مۇداپىئەلى-
نىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋالىدۇ. تۆگىلەرنى چۆكتۈرۈپ
ئۇلارنىڭ بوراننىڭ يۆنىلىشىگە قارشى تەرەپلىرىگە ئۆتۈپ
تۆگىنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ قۇم- بوراندىن مۇداپىئەلىنى-
دۇ. قۇم دانچىلىرى شامالغا ئەگىشىپ ئۇچۇپ دۆۋىلىنىپ
قۇم بارخانلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ، بارخانلارنىڭ دائىرى-
سى كېڭىيىپ، چەكسىز كەتكەن قۇملۇقلارغا ئايلىنىدۇ.
قۇملۇقلاردىكى بىمەھەل چىققان بورانلار قۇملۇق ۋە قۇم
بارخانلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولىدىغان بىۋاستە
سەۋەبتۇر. تەكلىماكان بويلىرىدا تىرىكچىلىك قىلىپ
كەلگەن ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىدە
قۇملۇق، چۆل - جەزىرىلەردىن قورقماي، ھەرقانداق
مۈشكۈل، قىيىن ئەھۋالدىمۇ ھاياتلىق ئۈچۈن يول تېپىش-
تەك قورقۇمسىز خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىگە ئەھمىيەت
بەرگەن. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا «قۇملۇقتىن ئۆتەلىگەن
قۇمدىن قورقمايدۇ» دېگەن ماقال كەڭ تارقالغان. ئىتالى-
يەلىك سەيياھ ماركوپولو قۇملۇق قاتنىشىنىڭ جاپالىقلىقى
ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «يولۇچىلار كېچىسى ئۇيقۇغا
كېتىشتىن ئىلگىرى ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇشى، ئەتى-
سى ماڭىدىغان يولدىن ئېزىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، ئە-
تىسى ماڭىدىغان يولنى بەلگە قاداپ بىلىۋېلىشى لازىم.
شۇنىڭدەك ئات - ئۇلاغلارنى يىغىشقا ئاسان بولسۇن
ئۈچۈن، ھەر بىر ئۇلاغقا بىردىن قوڭغۇراق ئېسىپ قو-
يۇشى كېرەك. مانا بۇلار مۇشۇ چۆللۈكتىن ئۆتۈشتە
جەزمەن دۇچ كېلىدىغان ئاۋارىچىلىك ۋە خەۋپ -
خەتەرلەردۇر»⑥. چۆللۈكنىڭ سۈيى ئادەتتىكى تاتلىق
سۇلارغا ئوخشىمايدۇ. بەزىلىرى ئاچچىق، بەزىلىرى

بەك سوغۇق. سۇ ئالماشقاندا هايۋانغا ئوت بىلەن دورد-
نى ئالماشتۇرۇپ بېرىش كېرەك. چۆل- جەزىرىلەردىكى
ئۇزۇن يوللۇق سەپەرلەردە تۆگە كارۋىنىدىكىلەر ئەلڭ
ئالدىدا ماڭىدىغان يېتەكلىگۈچ تۆگە بىلەن ئەلڭ ئاخىرىدا
ماڭغان ئەگەشكۈچى تۆگىنىڭ بوينىغا كولدۇرما ئېسىپ
قويىدۇ. ئات، ئېشەكلەرگىمۇ تۇچتىن ياسالغان كولدۇرما،
قوڭغۇراقلار ئېسىپ قويۇلىدۇ. بۇ چۆل- جەزىرىلەردىكى
هاياتلىقنىڭ نىشانىسى بولغان جاراڭلىق سادا ئىدى.
دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مۇهىم ئىش شۇكى،
قۇملۇقتا سەپەر قىلغاندا تەرەپ بەلگىلەش ناهايىتى تەس
بولىدۇ. چۈنكى پايانسىز قۇملۇقتا ئادەم بەلگە قىلىۋالغۇ-
دەك بىرەر نەرسە بولمايدۇ. تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ ئەت-
راپلىرىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان
قۇملۇقتا سەپەر قىلغاندا تەرەپنى قانداق پەرق ئېتىش،
يولدىن ئادىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىش هەققىدە مۇشەققەت-
لىك ئىزدەنگەن مۇئەييەن تەجرىبىۋى بىلىملەرنى توپلى-
غان. مەسىلەن، «دىۋان»دا «ئۇلا ـــ چۆلدە يول كۆرسى-
تىدىغان بەلگە. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: ئۇلا بولسا يول
ئازماس، بىلىك بولسا سۆز يازماس ـــ بەلگە بولسا،
يولدىن ئازماس، بىلىم بولسا سۆزدىن قايماس. چۆللەردە
يول كۆرسىتىدىغان بەلگە بولسا يولدىن ئېزىپ كەتمەيدۇ،
كىشىدە بىلىم بولسا سۆزدە يېڭىلىشمايدۇ» (1 ـــ 123)؛
«بەلگۈ ـــ بەلگە، نىشان...» (1 ـــ 557) دېيىلگەن. بۇ
ماقالىدىن بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ چۆل- جەزىرىلەردە
سەپەر قىلغاندا ئېزىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن يول كۆرسىت-
ىدىغان بەلگىلەرنى قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ «ئۇلا» دەپ
ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. كومپاس قاتارلىق تەرەپ بەل-
گىلەشتە ئىشلىتىلىدىغان بەزى زامانىۋى ئىلغار ئۈسكۈنىلەر
پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن كېچىسى يۇلتۇزلارنىڭ ئورنىغا
قاراپ ئۆزىنىڭ ئورنىنى بەلگىلەش ۋە كۈندۈزى شۇنىڭغا
ئاساسەن يول يۈرۈش ئۇسۇلى كۆپ قوللىنىلغان. بۇ
قۇملۇق رايونلاردا ياشىغۇچى خەلقلەردە ئاسترونومىيە بى-
لىملىرىنىڭ جۇغلىنىشىغا تۈرتكە بولغان. ئەجدادلىرىمىز
يەنە بەزى قورال- سايمانلارنى ئىجاد قىلىپ قاتناش قو-
راللىرىغا تايىنىپ يۈك توشۇشنىڭ ئۈنۈمىنى تېخىمۇ ئاشۇر-
غان. مەسىلەن، «دىۋان»دا: «تەگىرمەك ـــ كاجۇۋا، تۆ-
گىگە ئارتىلىدىغان كاجۇۋا. ئوغۇزلار بۇنى ‹ئۈگۈرمەك›
دەيدۇ» (1 ـــ 656)؛ «كۆتۈرگەن ـــ كۆتۈرىدىغان. بۇ
بۇغرا ئول يۈك كۆتۈرگەن ـــ بۇ يۈك كۆتۈرىدىغان
بۇغرا. باشقىلاردىمۇ شۇنداق» (1 ـــ 676)؛ «كۆتۈردى
ـــ كۆتۈردى ~ كۆتەردى. ئەر يۈك كۆتۈردى ـــ ئادەم
يۈك كۆتەردى... ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: تەۋە يۈك
كۆتۈرسە قامىچ يەمە كۆتۈرۈر ـــ يۈكنى كۆتۈرگەن تۆگە
چۆمۈچنىمۇ كۆتۈرىدۇ» (2 ـــ 98) دېيىلگەن بولۇپ، بۇ
خاتىرىلەر قەدىمكى قاتناش- تىرانسپورت ئىشلىرىدا تۆگى-
نىڭ كەلڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. غەربىي يۇرتقا
كەلگەن چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەرگە تەۋەككۈلچى-
لىك روهىغا باي، قۇملۇق قاتنىشى هەققىدىكى بىلىملىرى
مول بولغان كارۋان باشلىرى يول باشلىمىغان بولسا كۆپ-
لىگەن ئېكسپېدىتسىيەچىلەر تەكشۈرۈشلىرى نەتىجىسىز
بولار ئىدى. خەلقىمىزنىڭ نەقلىيات فولكلورىنى تەتقىق
قىلغاندا، قاتناش- تىرانسپورت ئىشلىرىنىڭ ئېهتىياجى تۈ-
پەيلى شەكىللەنگەن كارۋانچىلىق كەسپىگە ئالاهىدە
دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. كارۋان ـــ تۆگە، ئات-
ئېشەك، هارۋىلاردىن تەشكىل تاپقان، يول شارائىتى نىس-
بەتەن مۇرەككەپ، قىيىنراق بولغان يىراق يەرگە يۈك ۋە
ئادەم توشۇيدىغان چوڭ كىراكەشلەر قوشۇنى بولۇپ، ئا-
دەتتە بۇنداق كارۋاننىڭ باشلىقى «كارۋان سالار» دەپمۇ
ئاتىلىدۇ. خەلقىمىزدە «ئىت هۈرەر، كارۋان يۈرەر» دەي-
دىغان تەمسىل كەلڭ تارقالغان. «دىۋان» دا «ئارقىش ـــ
كارۋان. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: يىراق يېر ساۋىن
ئارقىش كەلدۈرۈر ـــ يىراق يەر خەۋىرىنى كارۋان كەلتۈ-
رەر» (1 ـــ 131) دېيىلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن كارۋاننىڭ
يۈك توشۇشتىن باشقا يەنە خەۋەر، ئۇچۇر توشۇش فۇنك-
سىيەسىنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقى مەلۇم بولىدۇ. شائىر ئابدۇرې-
هىم ئۆتكۈرنىڭ «ئۇلۇغ ئانا هەققىدە چۆچەك» ناملىق
شېئىرىنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىغا نەزەر سېلىپ باقايلى!

«بىر زامان تەكلىماكانغا ئىشتىياق ـــ
قوزغىلىپ، قويدۇم ئاڭا دادىل ئاياغ.
تەلىيمگە هەمراهىممۇ بار ئىدى،
كى، خوتەن كارۋانلىرى تەييار ئىدى.
قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز ماڭدۇق ئۇزاق،
گاهى ئاتلىق، گاه ئېشەكلىك، گاه ياياق.
بىزگە يول باشلار ئىدى هېچ تېنىمەي،
كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى بىلگەن بىر بوۋاي.
ئاخشىمى سۆكسۆك قالاپ، گۈلخان يېقىپ،
سوزۇلۇپ ئارام ئېلىپ چۆلدە يېتىپ.
گاه هېكايەت ئاڭلىشاتتۇق، گاه راۋاب،

www.uyghurkitap.com



ئۇچىرسا چۆلدە كېيىك يەيتتۇق كاۋاپ...»⑦. بۇ مىسرالاردىن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كارۋانچىلىق تۇرمۇشى ۋە چۆل-جەزىرىلەردىكى يول قاتنىشىنىڭ روشەن كارتىنىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

قامچا — ئات-ئۇلاغلارنى ئۇرۇپ ھەيدەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، تاسما، كىرىچ ۋە شۇ قاتارلىقلار-دىن چاچتەك ئۆرۈپ ياسىلىدىغان دەستىلىك سايمان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 60 ~ 70 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. قامچا ئېگەر قامچىسى ۋە ھارۋا قامچىسى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. «دىۋان»دا: «چاۋىغ — قامچا ئۇچى» (1 — 484)؛ «بەرگە — ئوغرىنى ياكى ئېشەكنى ئۇرىدىغان قامچا ياكى چىۋىق» (1 — 557)؛ «قامچى — قامچا. قىلىچ قامچى — قىلىچلىق قامچا، ئىچىدە قىلىچى بار قامچا» (1 — 544)؛ «قامچى — ئات، كالا ۋە تۆگە قامچىسى، چىۋىسى. بۇ سۆز تولىراق ‹ئات قامچىسى›نى بىلدۈرىدۇ» (1 — 545)؛ «قامچىلادى — قامچىلىدى. ئول ئاتىن قامچىلادى — ئۇ ئېتىنى قامچىلىدى...» (3 — 481) دەپ خاتىرىلەنگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا قامچا «چوماق» دېيىلگەن. ئاتنى ھەيدەشتە پەقەت قامچىلا ئەمەس، چىۋىقمۇ ئىشلىتىلگەن. «دىۋان»دا: «چىبىقلادى — چىۋىقلىدى، چىۋىق بىلەن ئۇردى. ئول ئاتىن چىبىقلادى. ئۇ ئېتىنى چىۋىقلىدى (چىبىقلار — چىبىقلاماق)» (3 — 461) دېيىلگەن. قامچا ئىككىلەمچى قورال بولسىمۇ، ئۇنىڭ قاتناش ئىشلىرىدا رولى چوڭ.

4) كالا — كۆچتۈڭگۈر، كۆتۈرۈشلۈك، ياۋاش، ئاچا تۇياقلىق، كۆشگۈچى ئۆي ھايۋىنى بولۇپ، ئۇ قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرىدا ئىشلىتىلگەندىن باشقا يەنە يەر ئاغ-دۇرۇشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. خەلقىمىزدىكى «سېيىر باقساڭ ئۈستى ئۇلاغ، ئاستى بۇلاق» دېگەن ماقالدىن كالىدىن قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ سۈتىدىنمۇ مەنپەئەتلىنىشكە بولىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

قوتاز — كالىنىڭ بىر تۈرى. كالىغا قارىغاندا پۇتى قىسقا، تۇكلۈك كېلىدۇ. ئۇنىڭ بويى چوڭ، قورسىقى كەڭ، بەستىلىك، پۇتلىرى قىسقا، تېنى پاكار، پۇتۇن تېنىدىكى يۇڭى قارا قوڭۇر، ئۇزۇن بولۇپ، تۇيىقى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن مەزمۇت ھەم كۈچلۈك؛ تېنى چوڭ، ئاچ-چىقى يامان. ئۇ ئېگىز تاغ-داۋانلاردىن ئېشىپ ئېغىر يۈك-لەرنى توشۇيالايدۇ.

5) قېچىر — ئېشەك بىلەن ئاتنى شالغۇتلاشتۇرۇش ئارقىلىق تۇغۇلىدىغان ھايۋان بولۇپ، ئاتتىن تۇغۇلغىنى ئات قېچىر، ئېشەكتىن تۇغۇلغىنى ئېشەك قېچىر دەپ ئاتى-لىدۇ. قېچىر ئاساسەن مىنىشكە ئىشلىتىلىدۇ، ھارۋىغىمۇ قې-تىلىدۇ. بۇرۇنلاردا ھەرقايسى يۇرتلاردا قېچىر بىلەن يۈك-مال توشۇپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان قېچىرچىلار بولاتتى.

«دىۋان»دا ئېشەك، ئات، تۆگە، كالا، قېچىر، قوتاز... قاتارلىق ھايۋانات تۈرىدىكى قاتناش قوراللىرى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ، بىز بۇ يەردە بۇ ھايۋانلارنى تونۇشتۇرۇشنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۇيغۇر نەقلىيات فولكلورىدىكى رولى ۋە ئورنىنى بايان قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا، ئۇلارنى مىسال كەلتۈرمىدۇق. ئادەتتە كىشىلەر ھايۋانات تۈرىدىكى قاتناش قوراللىرى بىلەن بىرەر يەرگە بارغاندا ئات-ئېشەك-لىرىنى ئادەم تولا ئۆتىدىغان كوچا-يوللارغا، كىشىلەر سۇ ئىچىدىغان ئېرىق-ئۆستەڭلەرنىڭ بويلىرىغا خالىغانچە باغلاپ قويۇپ باشقىلارنىڭ يول يۈرۈش، سۇ ئىچىش... قاتارلىق ئىش-پائالىيەتلىرىگە دەخلى يەتكۈزۈپ قويۇش-تىن ساقلىنىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ.

ئىككىنچى، ھارۋا تۈرىدىكى قاتناش قوراللىرى

1) ھارۋا — ئىككى، ئۈچ ياكى تۆت چاق ئورنىتىل-غان ئۆي ھايۋانلىرى قېتىلىدىغان ۋە ياكى ئادەم سۆرەي-دىغان ئاددىي قاتناش ۋاستىسى بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا ھارۋا ياساش خېلى بۇرۇنلا تەرەققىي قىلغان. ھارۋىنىڭ تۈرلىرى كۆپ. ھارۋا شەكلى ۋە ماتېرىيالىغا قاراپ يارد-يار ھارۋا، تارانچى ھارۋىسى، كۆتەك ھارۋا، تۆمۈر ھارۋا، غالتەك ھارۋا... قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ھارۋىلار يەنە قوشۇلىدىغان ھايۋانغا قاراپ، ئېشەك ھار-ۋىسى، كالا ھارۋىسى، ئات ھارۋىسى... دېگەندەك تۈر-لەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇنى شۇ خىل ھايۋاننىڭ تەن قۇرۇلمى-سى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بەلگىلىگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ غول ئېتنىك مەنبەسىنى تەشكىل قىلغۇچى قاڭقىللارنىڭ قاڭقىل دەپ ئاتىلىشىمۇ دەل ئۇلار ياساپ ئىشلەتكەن ھارۋىنىڭ چىقارغان ئاۋازى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «يېڭى تاڭنامە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ھۇنلاردۇر، ئۇلار ئېگىز چاقلىق ھارۋىلاردا يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى قاڭقىللار (高车 ئېگىز هار-ۋىلىقلار) دەپ ئاتىغان» ⑧ دېيىلگەن. «24 تارىخ»تا قاڭقىللار ھەققىدە «ئۇلارنىڭ ھارۋىلىرىنىڭ چاقى بەك چوڭ، شادىسى ئەڭ كۆپ»⑨ دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە»دە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قاتناش قورالى هارۋا ۋە ئۇنىڭ ياسىلىشىدا مۇنداق قىممەتلىك ئۇچۇر بار: «ئوغۇز خاقاننىڭ لەشكەرلىرى ئىچىدە ياشىغان بىر چېۋەر كىشى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى بارماقلىق يوسۇن بىللىگ ئىدى. بۇ چېۋەر ئادەم بىر ئېگىز هارۋا ياسىدى. هارۋا ئۈستىگە جانسىز غەنىيمەتلەرنى قاچىلىدى. هارۋىنىڭ ئالدىغا جانلىق غەنىيمەتلەرنى قوشتى. ئۇلارغا هارۋىنى تارتقۇزدى. نەۋكەرلەر، ئەل - جامائەت بۇنى كۆرۈپ هەيران بولدى. ئۇلارمۇ هارۋا ياسىدى. ئېگىز هارۋا ماڭغاندا «قانغا، قانغا» دېگەن ئاۋاز چىقاتتى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا «قانغا» دەپ ئات قويدى. ئوغۇز خاقان قانغىلارنى كۆرۈپ كۈلدى. ئېيتتىكى: ‹قانغا بىلەن جانسىز غەنىيمەتلەرنى جانلىق غەنىيمەتلەر سۆرەپ ماڭىدىكەن، ئېگىز هارۋىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، قانغۇلۇق ساڭا ئات بولسۇن!› سۆزىنى تۈگىتىپ يۈرۈپ كەتتى»⑩.

بۇ ئۇيغۇرلاردا هارۋىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ۋە قاتناش قورالى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشى هەققىدىكى ئىشەنچلىك يازما مەلۇماتتۇر. يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە، هەتتا هازىرمۇ بەزى جايلاردا ئىشلىتىلىۋاتقان «يارىيار هارۋا»لار شەكىل جەھەتتىن «ئوغۇزنامە»دە تىلغا ئېلىنغان «قانغا» بىلەن زور دەرىجىدە ئوخشاش. هارۋىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، بولۇپمۇ دېهقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان توشۇش قورالىدۇر. دېهقانلار ئېتىزغا قىغ، ئوغۇت قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى توشۇش ۋە ئېتىزدىن هەر خىل زىرائەت ۋە هوسۇلنى ئۆيگە ئېلىپ بېرىشتا پۈتۈنلەي هارۋىغا تايىنىدۇ. يېزا-بازارلاردا دېهقان، چارۋىچىلار بازارلارغا هارۋىلاردىمۇ بارىدۇ. بازاردا مەخسۇس ئات-ئۇلاغ ۋە هارۋىلارنى ساقلايدىغان دەڭلەر ۋە دەڭچىلار بولىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ئىشلىتىپ كەلگەن هارۋىلارنىڭ تۈرى كۆپ، شۇنداقلا بۇ هارۋىلار بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا بۇ پەرقلەر هەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز:

يارىيار هارۋا — بۇ خىل هارۋىنىڭ چاقى ئېگىز بولۇپ، سۆگەت ياغىچىنى ئېگىپ ياسىلىدۇ. شادىلىرى (گۇگۇسۇنلىرى)ئۇزۇن ۋە كەڭ بولىدۇ، قارىماققا بىر خىل ئاددىي - ساددا كۆرۈنىدۇ. تارىختا «قانغا» دەپ ئاتالغان هارۋا شۇدۇر.

تارانچى هارۋىسى — بۇ خىل هارۋا ئاساسەن ئىلى رايونىدا كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئېگىز-پەسلىكى مەپە بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. هارۋىنىڭ كېشىكى ئۇزۇنراق ۋە كەڭرەك كېلىدۇ. چاقى تۆمۈردىن بولۇپ، ئادەتتە بىر ئات قوشۇلىدۇ. ئاساسلىقى مال توشۇشقا ئىشلىتىلىدۇ، بەزىدە ئۈچ-تۆت، بەزىدە ئون نەچچىسى بىر كارۋان بولۇپ يولغا چىقىدۇ. قانچە هارۋا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىككى هارۋىكەش — بىرى كارۋاننىڭ ئالدىدا، بىرى كەينىدە كارۋاننى باشقۇرۇپ ماڭىدۇ.

كۆتەك هارۋا — بۇ خىل هارۋىنىڭ چاق قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ بولۇپ، «دىۋان»دا: «قاڭلى — كۆتەك هارۋا. ئۈستىگە ئېغىر يۈك بېسىلىدىغان هارۋا» (3—517) دېيىلگەن.

تۆمۈر هارۋا — تۆمۈر هارۋىنىڭ ياسىلىشى كۆتەك هارۋىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

2) مەپە — هارۋىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ شەھەر قاتنىشىدا كەڭ ئومۇملاشقان. مەپە مەخسۇس شەھەر، بازارلاردا كىراكەشلىك قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. «مەپە هارۋىمۇ ئىككى چاقلىق بولۇپ، چاقىنىڭ ‹دىيامېتىرى بىر مېتىر ئەتراپىدا، ئۈستى كېمىر ئۆي شەكلىدە ياسىلىپ، يان تەرىپىگە ئىككى كۆزنەك قويۇلغان. ئالدى تەرىپىگە رەختتىن پەردە تارتىلغان بولۇپ، ئادەتتە تۆت ئادەم ئولتۇرۇشقا بولىدۇ. مەپە هارۋا هۈنەر-سەنئەت جەھەتتە كۆركەم ۋە نەپىس ياسىلىدۇ. مەپىگە قاتىدىغان ئاتمۇ ئالاھىدە تاللىنىدۇ. ئاتنىڭ بېشىدىن تارتىپ قۇيرۇقىغىچە رەتلىك هالدا ياڭاقتەك مىس كولدۇرمىلار ئېسىلىدۇ»⑪. بۇ كولدۇرمىلار ماڭغاندا، يېقىملىق ئاۋاز چىقىرىپ ماڭىدۇ.

3) خادىك — «مەپىدىن باشقا يەنە ‹خادىك هارۋا› مۇ كەڭ ئومۇملاشقان. خادىك هارۋا ئىلى، ئۈرۈمچى، ئالتاي، چۆچەك قاتارلىق شەھەرلەرگە كەڭ تارقالغان. خادىك هارۋىنىڭ چاقى تۆت بولۇپ، ئالدى چاقى كىچىك، كەينى چاقى چوڭراق بولىدۇ. جازىسى پەسرەك بولۇپ، ئىشلىتىشكە قولاي، ئۇنىڭغا ئادەتتە بىر ياكى ئىككى ئات قېتىلىدۇ، ئون كىشى ئولتۇرۇشقا بولىدۇ ⑫.

گەرچە زامانىۋى قاتناش قوراللىرىنىڭ كەڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ هايۋانات تۈرىدىكى قاتناش قوراللىرى، هارۋا تۈرىدىكى قاتناش قوراللىرى ئازايغان بولسىمۇ، بۇ ئەنئەنىۋى قاتناش قوراللىرى ئىشلىتىشكە ئەپلىك، قولايلىق، تەننەرخى ئەرزان، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كەڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى يېزا-قىشلاقلاردا يەنىلا ئىشلىتىلمەكتە ۋە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

### ئىككىنچى، سۇ قاتنىشى قوراللىرى

دۇنيا مىقياسىدىن قارىغاندا، سۇ قاتنىشى ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن. قەدىمكى دۇنيادىكى ئالتە چوڭ مەدەنىيەتنىڭ چوڭ دەريا ۋادىلىرى ۋە دېڭىز بويلىرىدا شەكىللىنىشى ۋە گۈللىنىشىنى سۇ قاتنىشى شارائىتىنىڭ قولايلىقلىقى ۋە ئەۋزەللىكلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. سۇ قاتنىشىدا سۇنىڭ ئېقىتىش ۋە لەيلىتىش كۈچىدىن پايدىلىنىپ ناھايىتى ئېغىر نەرسىلەرنى يۆتكىگىلى بولىدۇ. سۇ ترانسپورتى دېڭىز ترانسپورتى ۋە دەريا ترانسپورتى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. شىنجاڭدا دېڭىز بولمىغاچقا، سۇ قاتنىشىدا دەريا قاتناش لىنىيەسى ئاساس قىلىنىدۇ. شىنجاڭ بىر قۇرغاق رايون بولغاچقا سۇ قاتنىشى قوراللىرى دېڭىز بويىدىكى رايونلاردىكىدەك ئۇنچە كۆلەملەشمىگەن ۋە ئانچە زور تەرەققىي قىلىپ كېتەلمىگەن، شۇنداقتىمۇ، دەريا ۋە كۆللەرنىڭ ئەتراپلىرىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار سۇ قاتنىشىدا سال، قېيىق، قولۋاق، كاراب ۋە كېمە قاتارلىقلارنى ئازدۇر-كۆپتۇر ئىشلەتكەن بولۇپ، يازما يادىكارلىقلاردا ئەجدادلىرىمىز ئىشلەتكەن سۇ قاتنىشى قوراللىرى ھەققىدە بەزى ئۇچۇرلار بار. تۆۋەندە بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

1) سال — كۆل، دەريالاردا ئېقىتىش ياكى ئۇنىڭدىن ئۆتۈش ئۈچۈن بىر-بىرىگە چېتىپ باغلانغان ياغاچ. سال ياسىلىش ماتېرىيالىغا قاراپ ياغاچ سال، بامبۇك سال ۋە تېرە سال (تۇلۇم) دەپ تۈرى ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلار ياغاچ سال ۋە تۇلۇمنى كۆپرەك ئىشلەتكەن. تۇلۇم ئادەتتە قوي، كالا تېرىلىرىدىن ياسىلىپ، ئېچىگە ھاۋا توشقۇزۇلۇپ، سۇ ئۈزۈش ياكى سۇدا يۈرۈشتە پايدىلىنىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە»دە: «... ئوغۇز خاقان لەشكەرلىرى بىلەن بىللە ئىتىل دەرياسىغا كەلدى. ئىتىل دەرياسى چوڭ بىر دەريا ئىدى. ئوغۇز خاقان ئۇنى كۆرۈپ ئېيتتىكى: ‹ئىتىلنىڭ سۈيىدىن قانداق ئۆتەرمىز؟› لەشكەرلەر ئىچىدە ئۇلۇس ئوردا بەگ دېگەن بىر ياخشى بەگ بار ئىدى. ئۇ قابىلىيەتلىك ۋە ئەقىللىق ئادەم ئىدى. ئۇ بەگ دەريا بويىدا نۇرغۇن تال-تال ياغاچلارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى بەگ... ئاشۇ ياغاچلار... كەستى. ئۇنى سۇنىڭ ئۈستىدە لەيلىتىپ، ئۆزلىرى ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئىتىل دەرياسىدىن ئۆتتى. ئوغۇز خاقان شادلىنىپ كۈلدى، ئېيتتىكى: ھەي، سەن بۇ يەرگە بولغىن بەگ، قىپچاق ساڭا ئات بولسۇن!»⑬ دېيىلگەن. «ئوغۇزنامە»دىكى بۇ باياندا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەردىن بىرى بولغان قىپچاق قەبىلىسىنىڭ نامىنىڭ «قىپچاق» دەپ ئاتىلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ تۇنجى بېگىنىڭ سالنى ياسىشى زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. «دىۋان»دا: «سال-سال. ‹تار› سۆزىمۇ مۇشۇ مەنىدە» (3—214)؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە: «تار — سال. بىر نەچچە تۇلۇمغا يەل بېرىلىپ ئاغزى باغلىنىدۇ. ئاندىن ئۇلار بىر-بىرىگە چېتىلىپ، سۇنىڭ ئۈستىدە سۇپىغا ئوخشاش بىر نەرسە ياسىلىدۇ. كېيىن بۇنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ سۇدىن ئۆتىدۇ. بۇ قومۇش ۋە شاخلاردىنمۇ ياسىلىدۇ» (3—202) دېيىلگەن. ستەيىن خوتەن يوتقان خارابىسىدە قىلغان تەكشۈرۈشلىرى ئاساسىدا «بۇرۇنقى زامانلاردا خوتەندە مايمۇن تېرىسىگە يەل ئۇرۇپ، دەريادىن ئۆتۈش ئۈچۈن سال ياسالغانلىقى ئىسپاتلانغان. ھەيكەلدە بىر مايمۇن تېرىسىنىڭ سۇدا لەيلەۋاتقان كۆرۈنۈشى نامايان قىلىنغان. 94-رەسىمدە بىر مايمۇننىڭ يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرغان، دۇمبىسىدە ئىشلىتىشكە تەييارلانغان بىر تېرىنىڭ تۇرغانلىقى نامايان قىلىنغان. بۇ خىل مايمۇن تېرىسىدىن سال ياساش كۆرۈنۈشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شەكىللەر كىچىك تېپتىكى ساپال ھەيكەللەردىمۇ كۆرۈلگەن»⑭ دەيدۇ. بۇ بايانلارغا قارىغاندا ئۇيغۇرلاردا سالمۇ خېلى كەڭ ئىشلىتىلگەن.

2) قېيىق — سۇدا يۈرىدىغان، يولۇچى، يۈك توشۇشقا ئىشلىتىلىدىغان قاتناش قورالى بولۇپ، «دىۋان»دا: «ئولۇق — ئولاق، قولۋاق، قېيىق...» (1-92)؛ «قازىق — قېيىق. ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان نەرسە. ئارغۇچە» (1—496)؛ «قايغىق — قېيىق» (3—242)؛ «ئوقرۇق — ئوقرۇق. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: تاغنىڭ ئوقرۇقىن ئەگمەس تەگزىنى قايغىقىن بۆگمەس — تاغنى ئوقرۇق بىلەن ئەگكىلى بولماس، دېڭىزنى قېيىق بىلەن بۆككىلى بولماس. بۇ ماقال ‹چوڭ ئىشنى كىچىك تەدبىر بىلەن قايتۇرغىلى بولمايدۇ› دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ» (1—136)؛ «كۆرگەك — كۆرەك. قېيىقنىڭ پالقى ۋە ھەر تۈرلۈك كۆرەك» (2—422) دەپ تىلغا ئالغان.

«قېيىق» نامىنىڭ ھەتتا ماقال-تەمسىللەردە ئىشلىتىلىشى ئۇنىڭ قانچىلىك كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ سۇ قاتنىشى قوراللىرى بولغان كېمە، قېيىق، قولۋاقلارغا مۇناسىۋەتلىك «قېيىققا چۈشسەڭ، قېيىقچى بىلەن ئېيتىشما»، «كىچىك قولۋاقنىڭ قىرغاققا يېقىن ئۈزگىنى ياخشى» دېگەندەك ماقال-تەمسىللەردىمۇ ئۇچرايدۇ.

3) كېمە — كېمە سۇ يولىدىكى مۇھىم قاتناش قورالىدۇر. كېمىنىڭ تارىخى ئۇزاق بولۇپ، بېلىقچىلىق ئىشلىرىدىمۇ كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. چىنار ياغىچى، توغراق ياغىچى... قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى تۆت-بەش مېتىر، كەڭلىكى بىر يېرىم مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا: «كەمى — كېمە. ئوغۇزچە ۋە قىپچاقچە» (3—323)، «ئۇچان — ئىككى يەلكەنلىك كېمە. قىپچاقچە» (1—166) دەپ خاتىرىلەپ كېمە ۋە قېيىقلار ھەققىدە ئۇچۇر بەرگەن. ئەمما ئۇ يەلكەنلىك كېمىلەرنىڭ يەلكەنلىرى ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىكمۇ ياكى تۆت بۇلۇڭ شەكىللىكمۇ، يەلكەنلىك كېمىلەر شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ماڭامدۇ ياكى شامالغا ياندىشىپ ماڭامدۇ؟ مەشغۇلات پىرىنسىپى قانداق؟ بۇنىسى بىزگە نامەلۇم. «دىۋان»دا: «كېمە ئىچرە ئولتۇرۇپ، ئىلا سۇۋىن كەچمىز — كېمىگە ئولتۇرۇپ، ئىلى سۇيىدىن — ئىلى دەرياسىدىن ئۆتتۇق» (3—324) دېيىلگەن بولۇپ، بۇ ئەينى دەۋرلەردە ئىلى دەرياسىدا كېمە قاتنىشىنىڭ بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. «دىۋان»دا يەنە: «تامغا — تارماق. دېڭىز، كۆل ۋە دەريالارغا قويۇلىدىغان سۇنىڭ بىر تارمىقى، قولتۇق. كېمە ياكى قېيىق توختايدىغان يەرمۇ شۇنداق دەپ ئاتىلىدۇ...» (1—553) دېيىلگەن. دېمەك، ئەينى ۋاقىتتا كۆل ۋە دەريالاردا سەپەر قىلغان يولۇچىلار كېمە، قېيىقلىرىنى «تامغا»لاردا توختىتىپ قويىدىغانلىقى مەلۇم. ئادەتتە كېمىنى بىر جايدا توختىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن، زەنجىرگە بېكىتىپ سۇ ئاستىغا تاشلىنىدىغان چاڭگاكسىمان ئېغىر تۆمۈرلەر بار بولۇپ، بۇلار «لەڭگەر» دەپ ئاتىلاتتى. كېمە لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا كۆپ ئىشلىتىلگەن بېلىق تۇتۇش قوراللىرىنىڭ بىرى. «ئۇلارنىڭ كېمىلىرى چاپما بولۇپ، توغراق غولىنى ئويۇپ-چېپىپ ياسىلىدۇ. كەڭ-تارلىقى (چوڭ-كىچىكلىكى)، ئۇزۇن-قىسقىلىقى تەييارلانغان توغراق كۆتىكىگە قاراپ بولىدۇ. ئائىلىدىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى كېمە تاياشنى بىلگەندەك، كېمە چېپىشنىمۇ بىلىدۇ. كىچىك چېغىدىن باشلاپلا كېمە چېپىش، تاياشنى ئۆگىنىدۇ. كېمە چېپىش، كېمە تاياشنى بىلمىگەنلەرنى ياشاشنى بىلمەيدىغانلار دەپ قارايدۇ. شۇڭا كېمىگە دائىر ئىشلارغا بەك كۆڭۈل قويىدۇ. كېمىدە ئۆرە تۇرۇۋېلىپ تۆت-بەش غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتىكى شورۇق (مەخسۇس كېمە تاياشقا ئىشلىتىدىغان خادا) بىلەن ياكى كېمىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ كېمە تايىسا، تېزلىكىگە قاراپ كۆزمۇ يېتىشەلمەيدۇ»⑮. شىنجاڭ تىپىك ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونى بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ كېمىگە بولغان ئېھتىياجى كۈچلۈك بولمىغان. گەرچە شىنجاڭدا خېلى كۆپ دەريالار بولسىمۇ، پەقەت ئىلى دەرياسى، يۇرۇڭقاش دەرياسى ۋە تارىم دەرياسىنىڭ غول ئېقىنلىرىدىلا كېمە قاتنىيالايتتى. يازدا كەلكۈن كەلگەندە، قىشتا قاتتىق سوغۇق بولۇپ دەرياغا مۇز توڭلاپ كەتكەندە كېمىلەر بىر قانچە كۈنلەپ ئىشتىن توختاپ قالىدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ.

4) تۇلۇم — تۇلۇممۇ بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا سۇ قاتنىشى قوراللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، دەريالاردىكى توشۇش ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينىغان. دىيارىمىزدىكى بىر قانچە دەريالاردا تۇلۇم ئاساسلىق قاتناش قورالى بولغان. مەسىلەن، «خوتەن شەھىرى بىلەن شەرقتىكى ناھىيەلەر ئارىلىقىدىكى قاتناشتا يۇرۇڭقاش دەرياسىدا كۆۋرۈك بولمىغانلىقتىن بۇرۇن كىشىلەر ئىپتىدائىي شەكىلدە ياسالغان ‹سال› بىلەن ئۆتۈشكە باشلىغان، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە ‹كېمە› بىلەن قاتنىغان. 18-ئەسىرگە كەلگەندە، ئارال يېزىسىدىكى قادىر ھاجىم دېگەن كىشى يۇرۇڭقاش دەرياسىغا تۇنجى قېتىم تۇلۇم سالغان. تۇلۇم دەسلەپتە غەربتە، ھازىرقى خوتەن ناھىيەلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئايغى، شەرقتە ھازىرقى ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسىنىڭ ئۇدۇلىدىن سۇغا چۈشۈرۈلگەن. ئارىدىن 80 يىل ئۆتكەندە، تۇلۇم سېلىش ئورنى يۇقىرىغا يۆتكىلىپ، غەربتە ھازىرقى موچاڭ، شەرقتە ھازىرقى ناغرىچى كەنتى يار كوچا ئېغىزىدىن سېلىنغان. ھەر بىر جازىغا بىر قوي، ئۆچكە تېرىسى تۇلۇمدىن 36 سى ياكى كالا، قوتاز تېرىسى تۇلۇمدىن 16 سى باغلىنىپ، بىر كىشىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا تۆت كىشى كۆيگەك سالاتتى. ھەر قېتىمدا 12 دىن 20 گىچە يولۇچى سېلىنىپ، ھەر بىر يولۇچىدىن كىرا ھەققى ئۈچۈن بىر جىڭ گۆش ياكى بىر چارەك قوناقنىڭ پۇلى ئېلىناتتى. كېيىنكى مەزگىللەردە دەرياغا سېلىنىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇلۇمنىڭ سانى كۆپىيىپ، غەربتىن مەتتوختى ئاخۇن، تاشتۆمۈر ئاخۇن، ساۋۇت ئاخۇن قاتارلىقلار. شەرقتىن تۇردى غوجا غاز، روزى ئاخۇن ئۆپكە، ئەسەدۇللا ئاخۇن، تۇرۇپ هاجىم قاتارلىقلار تۇلۇمچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان»⑯.

**4. نەقلىيات پەرهىزلىرى**

خەلقىمىزدە نەچچە مىڭ يىللىق نەقلىيات ئەمەلىيىتى جەريانىدا بەزى قاتناش-ترانسپورت ئادەتلىرى، قاتناش قورالىرىغا ئائىت پەرهىزلەر شەكىللەنگەن. بۇ پەرهىزلەرنىڭ خەلقىمىزنىڭ نەقلىيات فولكلورىنى چۈشىنىشىمىزدە بەلگىلىك قىممىتى بار. مەسىلەن، كىشىلەر يولدا تېكەن، تاش ۋە يول يۈزۈشكە پۈتلىكاشاڭ بولىدىغان نەرسىلەر بولسا ئېلىۋېتىشكە ئادەتلەنگەن بولۇپ، يولغا ئەخلەت، يۇندى ۋە سۇ قاتارلىق... مەينەت، پاسكىنا نەرسىلەرنى تۆكۈشتىن پەرهىز قىلىدىغان ئادەتنى شەكىللەندۈرگەن. «دىۋان»دا «قۇملاق ــ قۇلماق. قىپچاق يۇرتلىرىدا ئۆسىدىغان، هەشقىپىچەككە ئوخشايدىغان بىر ئۆسۈملۈك... بۇ ئۆسۈملۈك كېمىگە چۈشۈپ قالسا، دېڭىز دولقۇنلىنىپ، كېمە چايقىلىپ ئىچىدىكىلەر هالاكەت خەۋپىدە قالارمىش» (1ــ 620)؛ بۇ بىر خۇراپىي جورۇق بولۇپ، قەدىمكى تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ نەقلىيات فولكلورى (ئەلبىلىكلىرى)دىن بىزنى خەۋەردار قىلىدۇ، مۇنداق خۇراپىي جورۇقلار قاتناش قورالىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ يوقالدى.

ئۇيغۇرلار بۇرۇندىن ئوتنى چوڭ بىلىپ، بارلىق ئىش-پائالىيەتلەرنى ئوتتىن باشلاشقا، سولدىن ساقلىنىشقا، پەرهىز قىلىشقا ئادەتلەنگەن. ئۇيغۇرلاردا ئوتنى ئۇلۇغلاش، سولدىن ساقلىنىش ئادىتى ناهايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى خەلقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا رول ئويناپ كەلگەن. بۇ ئادەت ئۇيغۇرلارنىڭ نەقلىيات فولكلورىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. كىشىلەردە ئات-ئۇلاغ مىنگەندە ئالدى بىلەن ئوڭ پۇتىنى ئارتىلدۇرۇپ مىنىش، سول پۇتنى ئاۋۋال ئارتىلدۇرۇپ مىنىشتىن پەرهىز قىلىدىغان ئادەت بار، ئەگەر سول پۇتنى بالدۇر ئارتىلدۇرۇپ مىنسە سەپەر ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ دەپ جورۇيدۇ.

ئىنسانلار ئۆزىنىڭ قاتناش - ترانسپورت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئېشەك، ئات، تۆگە، كالا، قېچىر، قوتاز... قاتارلىق قاتناش قورالىرىنى هەيدەش ۋە باشقۇرۇشتا بەلگىلىك ئادەت سۆزلىرى پەيدا بولغان. مەسىلەن، ئېشەكنى تېز يۈگۈرۈشكە ئۈندەش ئۈچۈن «خىت»؛ كالا، ئات، تۆگىلەرنى مېڭىشقا ئۈندەش ئۈچۈن «چۇھ! چۇھ!»؛ توختاشقا ئۈندەش ئۈچۈن «ترر، ۋو» دېيىلىدۇ. «دىۋان»دا «چۇھ-چۇھ، ئاتنى ماڭدۇرۇش ۋە ئىتتىكلىتىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان سۆز» (3ــ 162)، دېيىلگەن بولۇپ، بۇ بىر ئاددىيغىنە ئىملىق سۆز بولسىمۇ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ قاتناش-ترانسپورت ئادىتى ۋە مەدەنىيىتىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ. بۇ ئىملىق سۆزلەر ئەلۋەتتە هايۋانات تۈرىدىكى قاتناش قورالىرىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش ياكى ئاستىلىتىشتەك خوت ياكى تورمۇزنىڭ رولىنى ئوينىغان.

ئادەتتە خەلق ئىچىدە ئەگەر مال، ئۇلاغنى بىهۇدە ئۇرسا ياكى ئاچ-ئۇسسۇز قويسا قىيامەتتە ئۇۋالىغا قالىدۇ، دەيدىغان ئىشەنچ بولغاچقا، ئات، ئېشەكلەرنى هارۋىغا قاتقاندا (قوشقاندا) جىم تۇرمىسا ياكى يول يۈرگەندە ئىتتىك ماڭمىسا ئۇلارنى تولا ئۇرۇش، ئاچ-ئۇسسۇز قويۇشتەك ئىشلاردىن قاتتىق پەرهىز قىلىنىدۇ. ئات، ئېشەكلەرنى مىنگەندە ئامال بار ئۇلارنى قامچىلىماستىن، پۇتى بىلەن ئۇلاغنىڭ بېقىنىغا نوقۇپ دېۋىتىپ قويۇش، قولىدىكى قامچا ياكى تاياقلارنى شىلتىش ئارقىلىق هەيدەيدۇ. «ئۇيغۇرلار ئېشەكنى ‹ئۆزى هارام، كۆچى هالال› دەپ قارىغاندىن باشقا، ئۇنىڭغا تەتۈر مىنىشتىن قاتتىق پەرهىز قىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئىسلام شەرىئىتى بويىچە زىنا قىلغان، ئوغرىلىق قىلغان كىشىلەرنىڭ يۈزىگە قارا سۈرتۈلۈپ، ئاندىن ئۇلار ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈلۈپ، خەلقئالەمگە سازايى قىلىناتتى، بۇ كىشى ئۈچۈن ئىنتايىن رەسۋالىشىشنىڭ ئىپادىسى ئىدى. شۇڭا ئېشەككە تەتۈر مىنىش ئاشۇ خىل ئەهۋالغا تەققاسلىنىپ پەرهىز قىلىنغان. ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئېشەك ئېغىنىغان يەردىن ئاتلاپ ئۆتۈشتىن، شۇ يەرنى دەسسەشتىن پەرهىز قىلىدىغان ئادەت بار. كىشىلەر بۇنداق يەرنى ناپاك، بۇلغانغان دەپ قاراپ تۇكۇرۇپ قويۇپ ماڭىدۇ»⑰. ئېشەك ئېغىنىغان يەردىن مېڭىشتىن پەرهىز قىلىش خوتەن ئۇيغۇرلىرىدىمۇ بار.

**5. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى يول مۇساپىلىرىنى هېسابلاش ئۇسۇللىرى ۋە ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكلىرى**

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى يول مۇساپىلىرىنى هېسابلاش ئۇسۇللىرىمۇ ئۇيغۇر نەقلىيات فولكلورىنىڭ مۇهىم بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە توپلانمىقى ۋە تەتقىق

قىلىنمىقى لازىمدۇر. ئۇيغۇرلار يول مۇساپىلىرىنى ھېسابلاشتا ۋاقىت ئارقىلىق ھېسابلاش ۋە ئارىلىق ئارقىلىق ھېسابلاش ئۇسۇلىنى قوللانغان. يول مۇساپىلىرىنى ھېسابلاشتا يول، چاقىرىم، تاش، فەرسەخ، پوتەي، ياغاچ، قىرى... قاتارلىقلارنى قوللانغان. بۇ ھەقتە «دىۋان»دىمۇ بەزى خاتىرىلەر بار. مەسىلەن، «ماڭىغ ــ ماڭدام، چامدام. ئۇنىڭ ماڭىغى كۆر ــ ئۇنىڭ ماڭدىمىنى كۆر» (3 ــ 498)؛ «بۇرۇڭ ــ بىر ئوق يېتىم يەر. بۇرۇڭ ئاتتى ــ بىر ئوق يېتىم يەرگە ئاتتى» (3 ــ 504)؛ «تادا ــ ئون قەدەم يەردىن كۆز يېتىم يەرگىچە بولغان ئارىلىق» (3 ــ 304) ... قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن.

(1) يول ــ شىنجاڭنىڭ قەدىمكى يول-مۇساپە ئۇزۇنلۇق بىرلىكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بىر يول 300 غۇلاچقا، 700 قەدەمگە توغرا كېلىدىكەن. مېتىر بويىچە ھېسابلىغاندا، 500 مېتىرغا باراۋەر كېلىدىكەن. «يول» دېگەن بۇ بىرلىكنى قەشقەر، خوتەن، تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلاردا چوڭلار ھازىرمۇ ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

(2) چاقىرىم ــ پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، بامدات نامىزىغا توۋلانغان ئەزان ئاۋازى يېتىدىغان ئارىلىق بىر چاقىرىم بولىدىكەن. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە بىر چاقىرىم ئۇزۇنلۇقىنىڭ 60 .1 كىلومېتىرغا تەڭ كېلىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

(3) تاش ــ «قەدىمدە ئۇيغۇرلار ‹تاش› دېگەن ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكىنىمۇ قوللانغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى زامانلاردا يول مۇساپىسىنى بەلگىلەش ئۈچۈن يول بويلىرىغا تاش بەلگە قويۇلاتتى ۋە ئۈستىگە مۇساپە سانى يېزىلاتتى. ھەر بىر بەلگىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن سەككىز چاقىرىم كېلەتتى، ئۆزبېكىستاندا نەشر قىلىنغان ‹پەن ۋە تۇرمۇش› ژۇرنىلىدا بىر تاش 5. 8 كىلومېتىرغا تەڭ دەپ كۆرسىتىلگەن. بەزى ماتېرىياللاردا يەنە بىر تاش 18 چاقىرىم، يەنى 12 مىڭ قەدەم دەپ كۆرسىتىلگەن. ‹قەشقەرىيە› دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە تاشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12 مىڭ چامدام ئىكەن، شۇ كىتاب ئاپتورى كىروپاتكىننىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەتتە-توققۇز رۇسىيە چاقىرىمىغا تەڭ ئىكەن. خەلقئارا ئۆلچەم سىستېمىسىغا سۇندۇرغاندا 3.7 ــ 4.9 كىلومېتىر ئارىلىقىدا بولۇپ، تەخمىنەن سەككىز كىلومېتىر ئەتراپىدا ئىكەن»⑱.

(4) ياغاچ ــ ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ قوللىنىلغان بىر خىل ئەنئەنىۋى ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، «دىۋان»دا «يىغاچ ــ ياغاچ ــ ئاغاچ (كونا يول ئۆلچىمى)، پەرسەخ. بىر يىغاچ يېر - بىر پەرسەخ يەر» (3 ــ 9) دېيىلگەن. يولنىڭ مۇساپىسىنى ھېسابلاش كىشىلەرنىڭ بارماقچى بولغان يېرىگە بېرىشقا كېتىدىغان ۋاقىتنى ھېسابلاش ۋە شۇنىڭغا لايىق يول، سەپەر تەييارلىقىنى قىلىش ئېھتىياجىدىن پەيدا بولغان. بۇ يەرلىك، ئەنئەنىۋى يول-مۇساپە ئۇزۇنلۇق بىرلىكلىرى ئۇيغۇرلاردا مېتىر سىستېمىسى قوبۇل قىلىنغانغا قەدەر قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن تارتىپ بارا-بارا ئىشلىتىلىشتىن قېپقالدى، شۇنداقتىمۇ بۇ ئەنئەنىۋى ئۇزۇنلۇق بىرلىكلىرى ئۇيغۇر قاتناش-ترانسپورت ئادەتلىرى تەتقىقاتىدا نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

**6. نەقلىيات فولكلورى ئاساسىدا شەكىللەنگەن كەسىپلەر**

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى نەقلىيات فولكلورىدا مۇنداق ئىككى ساھە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. بىرى، قاتناش قوراللىرىنى ياساشنىڭ بىر كەسىپكە ئايلانغانلىقى. يەنە بىرى، ھارۋىكەشلىكنىڭ خېلى بۇرۇنلا بىر كەسىپكە ئايلانغانلىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ھارۋىكەش «قاڭلىچى» دېيىلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى نەقلىيات فولكلورى ئاساسىدا ھارۋىكەشلىك، تاقىچىلىق، سەرراچلىق، كارۋانچىلىق، ئىجارىكەشلىك ( كۆلۈكچىلىك) ۋە كىراكەشلىك، پوچتىكەشلىك، بىدىكچىلىك... قاتارلىق كەسىپلەر شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ كەسىپلەر قاتناش ئىشلىرى تەرەققىي قىلىپ بەلگىلىك باسقۇچقا كەلگەندە شەكىللەنگەن ۋە قاتناش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بىۋاستە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا ئىلگىرى سۈرگەن. تۆۋەندە بىز بۇ كەسىپلەر ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز:

1) ھارۋىكەشلىك ــ ھارۋا ھەيدەش ياكى سۆرەش ئارقىلىق تىرىكچىلىك قىلىش كەسپى بولۇپ ئۇيغۇرلاردا ھارۋىكەشلىكنىڭ خېلى بۇرۇنلا بىر كەسىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن بالدۇرراق قول ئۈزۈپ، مۇقىم ئولتۇراق دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتكەنلىكى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

2) تاقىچىلىق

ئات، ئېشەك، قېچىر قاتارلىق ئۇلاغلارنىڭ تۇيىقىنىڭ ئاستىغا دۈگىلەك تۆمۈر قېقىشنى ئاساس قىلغان كەسىپ بولۇپ، ئۇيغۇرلار توم تۇياقلىق ھايۋانلارنى تاقى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لايدۇ، ئاچا تۇياقلىق ئۇلاغلارنى تاقىلمايدۇ. چۈنكى ئاچا تۇياقلىق ھايۋانلارنى تاقىلىغىلى بولمايدۇ. «تاقىچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشى ئاتنى قولغا كۆندۈرۈش دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىكى ‹ئات يۈك كۆتۈرىدۇ، تاقا ئاتنى كۆتۈرىدۇ› دېگەن ماقال بۇنىڭ دەلىلى. بولۇپمۇ قاتناش-سودا تىرانسپورتىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجى تاقىچىلىق كەسپىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم ئاساسى بولدى. شۇنىڭ بىلەن تاقىچىلىق بىر خىل كەسىپكە ئايلىنىپ تۆمۈرچىلىكتىن ئايرىلىپ چىقتى»⑲. تاقىنىڭ تۈرى ھايۋان تۈرىگە، چوڭ-كىچىكلىكى ۋە يولغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. خەلقىمىزدىكى «توكۇر ئاتقا تۆمۈر تاقا، ئەسكى چاپانغا سۆسەر ياقا»، «مىخنى ئايساڭ تاقىدىن ئايرىلىسەن»، «تاقىسىز ئېشەك تاشتا يۈرەلمەس» دېگەن ماقال-تەمسىللەرمۇ تاقىچىلىقنىڭ بىر مۇھىم ئەنئەنىۋى كەسىپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

2) سەرراچلىق ـــ ئېگەر، يۈگەن، قامچا، توقۇم، مۆلە، ھارۋا جابدۇقى ۋە بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق جابدۇقلارنى ياسايدىغان كەسىپ بولۇپ، ئۇيغۇر سەرراچلار «ئۇيغۇرچە قوش باشلىق قەدىمكى ئېگەر، موڭغۇلچە ئېگەر، قازاقچە، قىرغىزچە ئېگەر، رۇسچە ئېگەر، ھەربىيچە ئېگەر، خەنزۇچە ئېگەر قاتارلىق ئېگەرلەرنى ۋە تۆت تاقىلىق ھارۋا جابدۇقى، قوش ئاتلىق ھارۋا جابدۇقى، يارىيار، خادىك، كالا ھارۋىسى، ئېشەك ھارۋىسى جابدۇقلىرىنى ياسايدۇ»⑳. ھەرقايسى يۇرتلاردا مەخسۇس سەرراچلار بولغان.

3) ئىجارىكەشلىك (كۇلۇكچىلىك) ـــ ئات - ئۇلغى يوق ياكى ۋاقىتلىق ئېھتىياج بولۇپ قالغانلارغا مىنىش ئۈچۈن بەلگىلىك مۇددەت بىلەن ئات، قېچىر، قوتاز، ئېشەك قاتارلىق قاتناش قوراللىرىنى ئىجارىگە بېرىش كەسپى بولۇپ، ئاساسەن قىسقا يوللاردا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىجارىگە بېرىلىدۇ.

4) كىراكەشلىك ـــ ھارۋا، ئېشەك بىلەن ھەر خىل نەرسىلەرنى توشۇش كەسپى بولۇپ، ئۇزۇن يوللۇق قاتناش شەكلى ھېسابلىنىدۇ.

### 7. خۇلاسە

قىسقىسى، نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ نەقلىيات فولكلورىدا ناھايىتى جىددىي ئۆزگىرىشلەر بولماقتا. زامانىۋىلاشقان شەھەر قاتنىشى «يەر ئاستىغا ۋە ئاسمانغا» قاراپ تەرەققىي قىلماقتا. مەسىلەن، يەر ئاستىغا ياسىلىۋاتقان مېترو (يەر ئاستى تۆمۈريولى) ۋە دەريا - دېڭىزلاردىن ئۆتىدىغان تونېللار، نەچچە قەۋەت قىلىپ سېلىنىۋاتقان كۆتۈرمە يوللار، ئاسما كۆۋرۈكلەر ئىنسانلارنىڭ قاتناش بوشلۇقىنىڭ بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقانلىقىنى نامايان قىلماقتا. يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول، كۆتۈرمە يول، ئۆتۈشمە كۆۋرۈك، ئاسما ۋە يانتۇ تارتىلغان كۆۋرۈك، ئارقا يول، تۆمۈريول، يەر ئاستى تۆمۈريولى، تونېل، لىفت (كىشىلەر نەچچە ئون قەۋەتلىك ئېگىز بىنالارغا چىقىش-چۈشۈشتە لىفتقا تايىنىدۇ. لىفت خۇددى شەھەر ئاپتوموبىللىرىغا ئوخشاش ئادەم توشۇش رولىنى ئويناۋاتقان. شۇڭا كىشىلەر لىفتنى «بىنا ئىچىدىكى قاتناش ماشىنىسى»، «ئاپتوماتىك پەلەمپەي» دەپ ئاتاشماقتا)... قاتارلىقلار زامانىۋى قاتناشنىڭ نامايەندىلىرى ھېسابلىنىدۇ. گەرچە زامانىۋى قاتناش قوراللىرى ئادەم بىلەن ئادەم، رايون بىلەن رايون ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى قىسقارتىپ، مۇساپىلەرنى بېسىشقا كېتىدىغان ۋاقىتنى زور دەرىجىدە تېجەپ كىشىلەرگە زور قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، نىسبەتەن ئىپتىدائىي بولغان ئەنئەنىۋى قاتناش-تىرانسپورت قوراللىرى يەنىلا ئىشلىتىلمەكتە. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قاتناش ئۈچۈر يەتكۈزۈش رولىنى ئوينايدۇ. تېلېفون، تور، فاكس... قاتارلىق زامانىۋى ئالاقىلىشىش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ۋە ئومۇملىشىشى بىلەن قاتناش-تىرانسپورت قوراللىرىنىڭ ئۈچۈر يەتكۈزۈش رولى ئاجىزلىدى. ئەنئەنىۋى قاتناش-تىرانسپورت قوراللىرىدا بار بولغان چاق، تىزگىن... قاتارلىق نەقلىيات مەدەنىيىتىنىڭ خېمىرتۇرۇچلىرى زامانىۋى قاتناش قوراللىرىغا كۆچتى. نېفىت، گاز، توك قاتارلىق كۈچ ھاسىل قىلغۇچى ئېنېرگىيەلەر زامانىۋى قاتناش قوراللىرىدا ئىشلىتىلىشى بۇرۇنقى دەۋرلەردىكىدەك قاتناش قوراللىرىنىڭ كۈچى چارۋىچىلىق ياكى دېھقانچىلىققا باغلىنىپ قالىدىغان ئەھۋالنى ئۆزگەرتتى، بۇ ئەلۋەتتە زامانىۋى قاتناش قوراللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن بەلگىلەندى. قاتناش-تىرانسپورت ئىشلىرى كىشىلەرنىڭ ساياھەت پائالىيەتلىرىدە ئالدىن ئويلىشىدىغان ئىشلاردىن بىرى بولۇپ قالدى. چۈنكى قاتناش ساياھەت پائالىيىتىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ماددىي شەرت-شارائىتلىرىدىن بىرى. قاتناش-تىرانسپورت ئادەتلىرىمۇ بىر ساياھەت مەنبەسى سۈپىتىدە ساياھەتچىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى، بەزى جايلاردا مەخسۇس قاتناش مۇزېيلىرى قۇرۇلدى ياكى ئىپتىدائىي قاتناش

قوراللىرى ۋە بۇيۇملىرى مۇزېيلاردىن ئورۇن ئالدى. قېيىق، ئات قاتارلىق ئەنئەنىۋى قاتناش قوراللىرى بەزى مۇسابىقە تۈرلىرىدىن ئورۇن ئالدى. ياغاچتىن ياكى باشقا ماتېرىياللاردىن ياسالغان هارۋا ۋە هايۋان قاتارلىق قاتناش قوراللىرىنىڭ كىچىك مودېلى ساياھەت خاتىرە بۇيۇمى سۈپىتىدە بازارلارغا سېلىنىپ ساياھەتچىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى. مەسىلەن، قەشقەر ۋە ئۈرۈمچى... قاتارلىق شەھەرلەردىكى ساياھەت خاتىرە بۇيۇملىرى دۇكانلىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. ئۇيغۇرلار نەچچە مىڭ يىللار داۋامىدا شەكىللەندۈرگەن نەقلىيات ئادىتى ۋە ئەخلاقى زامانىۋى قاتناش قوراللىرى ئومۇملاشقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ تەرەققىيات قەدىمى ۋە سۈرئىتىنىڭ تېز بولۇشىغا بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتمەكتە. قاتناش قوراللىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەنئەنىۋى قاتناش ئېھتىياجى ۋە ئادىتىنىڭ ئۆزگىرىشىدە مەيدانغا كەلگەن هارۋا ياساش، تاقىچىلىق، سەرراچلىق، كۆلۈكچىلىك، كىراكەشلىك، بەدىكچىلىك، پوچتىكەشلىك... قاتارلىق قول ھۈنەر كەسىپلىرى يوقىلىپ بارماقتا ياكى زامانىۋى كەسىپلەرگە ئورۇن بوشاتماقتا. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ نەقلىيات فولكلورىنى فولكلور، مەدەنىيەتشۇناسلىق، مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى، شەھەر ئىنسانشۇناسلىقى قاتارلىق ھەر خىل مۇستەقىل ۋە كېسىشمە ياكى ئارىلىق پەنلەردىن پايدىلىنىپ تەتقىق قىلىش، ئىمكانقەدەر ھەر خىل ئۇسۇل ۋە ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ ساقلاپ قېلىش ئىنتايىن تەخىرسىز ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە... گەكلەرنىڭ بىرىدۇر.

---

ئىزاھات: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىن ئېلىنغان نەقىللەر كۆپرەك بولغىنى ئۈچۈن بۇ نەقىللەرنىڭ توم ۋە بەت سانى شۇ نەقىلنىڭ كەينىگىلا بېرىلدى ھەممە نەقىللەر «دىۋان»نىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980-، 1983- ۋە 1984-يىللىرى ئۈچ توم قىلىپ نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدىن ئېلىندى.

ئىزاھلار:

① «قەدىمكى تەڭرىتاغ تارىخ-جۇغراپىيە ئىلمىي تەتقىقاتى»، 4-بەت. جۇجى (ئىمىن ئەھمىدى تەرجىمىسى): «ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ جەۋھىرى مۇقام»، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى، 2007-يىل 12-ئاي 1-نەشرى، 17-بەت.

② خەپىز ساتتار سالىھ: «ئىلى دەرياسىنىڭ تارىختىكى سۇ قاتناش ئىشلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭەشى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ئۆگىنىش كومىتېتى تۈزدى، 2009-يىل 9-ئاي بېسىلىشى، 73-، -74 بەتلەر.

③، ④ ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىل 4-ئاي 1-نەشرى، 206-بەت.

⑤ ئابدۇكېرىم راخمان، شېرىپ خۇشتار، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا: «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 13-بەت.

⑥ [ئىتالىيە] ماركوپولو (سەلىمجان تەرجىمىسى): «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991-يىل 2-ئاي 1-نەشرى، 94-بەت.

⑦ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئۆمۈر مەنزىللىرى» (شېئىر، داستان، نەسرلەردىن تاللانما)، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1985-يىل 6-ئاي 1-نەشرى، 163-، 164-بەتلەر.

⑧ ئابلىز مۇھەممەد سايرامى: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئىتىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999-يىل 10-ئاي 1-نەشرى، 99-بەت.

⑨ ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بەناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل 12-ئاي 1-نەشرى، 46-بەت.

⑩، ⑬ گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپ نەشرگە تەييارلىغان: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980-يىل 11-ئاي 1-نەشرى، 56-، 52-بەتلەر.

⑪، ⑫، ⑲، ⑳ ئابدۇكېرىم راخمان، شېرىپ خۇشتار، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا: «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 13-، 14-، 85-، 87-بەتلەر.

⑭ [ئەنگلىيە] مارك ئاۋرېل ستەيىن (ئابدۇمۆمىن بارات تەرجىمىسى): «خوتەن بوستانلىقىغا قايتا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010-يىل 6-ئاي 1-نەشرى، 327-بەت.

⑮ مۆيدىن سايىت بوستان: «لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلىرى توغرىسىدا»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2008-يىل 4-سان، 47-بەت.

⑯ ز. ئى. كازىم: «يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭەشى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ئۆگىنىش كومىتېتى تۈزدى، 2008-يىل 12-ئاي بېسىلىشى، 218-، 219-بەتلەر.

⑰ ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىل 12-ئاي 1-نەشرى، 366-بەت.

⑱ نىياز كېرىمى: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كارۋان يوللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل 11-ئاي 1-نەشرى.

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا)

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com



# سامساق بەكسنڭ سېھرىي كۈچى

ئەركىن تۆمۈر

كشلك جەمئيەت تارىخدا نۇرغۇنلغان ئاتاقلق شەخسلەر ــ ئالملار، پەيلاسوپلار، كەشپياتچلار، مۇتەخەسسسلەر، ئەدبلەر... هەرقايسى ساهەلەردكى ئشلەپچقرش ماهرلرى مەيدانغا كېلپ، جەمئيەت تەرەققياتنى ئلگرى سۈرۈش، خەلققە بەخت يارىتش يولدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلقى ۋە ياراتقان تۆهپلرى بلەن داڭلنپ ئۆچمەس ئزلارنى قالدۇرىدۇ. مەزكۇر ماقالدە تونۇشتۇرماقچى بولغان سامساق ئۇستا تۆمۈرچلك كەسپى بلەن جەمئيەتكە كرىپ، ئجتهات بلەن هۈنەر-تېخنكا ئۆگەنگەن، ئويلاشقا، ئشلەشكە جۈرئەت قلپ، ئۆزىنىڭ ئەقل-پاراستنى جارى قلدۇرۇپ هۈنەر-تېخنكنىڭ يۈكسەك پەللسگە قەدەم قويغان ئۇنتۇلماس شەخس، ئۇ لاۋۇلداپ يېنۋاتقان ئوت ئالدىدا بولقا سوقدىغان، ئوت ۋە قۇم ئۇچقۇنلرى چاچراپ تۇرغان چاقتا ئولتۇرۇپ تىغ چاقلايدىغان، كۆرۈمسز رۇستەككە ئورنتلغان گىرە ئالدىدا مۈكچيىپ تىغ ۋە دەستە پەردازلايدىغان ئاددىي ۋە جاپالق ئەمگەك شارائىتدىمۇ ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن هۈنەر-تېخنكسنى نامايان قلپ، بەكە ياساشتكى يۈكسەك ماهارتى بلەن داڭق قازانغان ئەل سۆيەر هۈنەرۋەن-كاسپتۇر. ئۇنىڭ ئالاهدە ماهارتى بلەن ياسغان تىغ بۇيۇملرى، بەكلرى كەڭ ئستېمالچلار تەرىپىدىن مەدهيەلنپ، يالغۇز ئلى دىيارىدا داڭق قازىنپ قالماي، ئاپتونوم رايونمزنىڭ هەرقايسى جايلرى ۋە ئوتتۇرا ئاسيا خەلقلرىنىڭمۇ ياقتۇرۇپ ئشلتشگە سازاۋەر بولغان.

سامساق هاشم 1898-يىلى قورغاس ناهيەسنىڭ كۈرە يېزىسدا دۇنياغا كەلگەن. كچككدە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان، دېهقانچلق بلەن شۇغۇللانغان، 1915-يىلى

دادىسىغا ئەگىشىپ كۆچاغا بىرىپ تۆمۈرچىلىك (ئاساسلىقى
پىچاقچىلىق) ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ، شۇ يەردە بىر مەزگىل
تىرىكچىلىك قىلغان. 1933 ـ يىلى غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن.
ساماساق ئۇستا 1940 ـ يىلىدىن باشلاپ غۇلجا شەھىرىنىڭ
تۆمۈرچىلەر مەركەزلەشكەن تاقىچى كوچىسىدا دۇكان
ئېچىپ، مەخسۇس بەكچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان، شۇ
چاغلاردا بەكە سىپىغا ئاددىي كالا مۈڭگۈزى خام ماتېرى-
يال قىلىنسىمۇ، ئەمما ساماساق ئۇستىنىڭ يۇقىرى تېخنىكا
بىلەن پەردازلىشى، بەكە تىغىنى ئەستايىدىل ئىنچىكە
ئىشلەپ سوقۇشى، چىڭدىشى، ئەڭ مۇھىمى تىغىنى سۇيىگە
قاندۇرۇپ سۇغىرىشتىكى ئالاھىدە ماھارىتى بىلەن ئىش-
لەنگەن بۇ بەكىلەر نەپىس ۋە كۆركەملىكتە كىشى كۆڭلى-
نى لال قىلسا، ئۆتكۈرلۈكتە تۆمۈرنىمۇ كېسەلەيتتى. شۇڭا
ئىستېمالچىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە ماختىشىغا سازاۋەر
بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھېيت ـ ئايەم، توي ـ تۆكۈن ۋە مېھ-
ماندارچىلىقلاردا يېنىدىن ئايرىمايدىغان ھەمراھىغا، دوست ـ
يارەنلىرىگە سوۋغا قىلىدىغان ئەتىۋارلىق بۇيۇمغا ئايلان-
دى.

ساماساق ئۇستا كىچىكىدە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ
ساۋاتىنى چىقارغان بولغاچقا، دائىم گېزىت، ژۇرنال،
كىتاب ئوقۇپ تۇراتتى. زاماندashلىرىنىڭ ئېيتىشىچە قەدى-
مىي كىتابلاردىكى «تۆمۈرچىلىك رىسالىسى»دىنىمۇ پايدى-
لىناتتىكەن. شۇڭا ئۇ ئەينى چاغدىكى ئادەتتىكى ھۈنەر-
ۋەنلەرگە ئوخشىمايتتى، ئۇ بازار ئېھتىياجى، ئىستېمالچى-
لارنىڭ ئارزۇسى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەھلىل قىلىپ،
مەھسۇلات تۈرلىرىنى يېڭىلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تاقىچى
كوچىسىدىكى بەكچىلىك دۇكىنى باشقا تۆمۈرچى دۇكانلى-
رىدىن ئۆزگىچە ئىدى. دۇكانىنىڭ كوچا تەرەپ تېمىنىڭ
ئۇستۇنكى يېرىمى دەرپەردىلىك (ئەينەك دېرىزىلىك)
بولۇپ، بەكە ئەۋرىشكىلىرى تىزىپ قويۇلاتتى. دۇكانغا
ۋىۋىسكا ئېسىلغان، ۋىۋىسكىغا يالغۇز تىغ، قوش تىغ ۋە
كۆپ تىغلىق بەكە رەسىملىرى چۈشۈرۈلگەنىدى. سوقۇل-
غان بەكىنىڭ قاتلىنىدىغان بوغۇزىغا كىچىك خەت بىلەن
توغرىسىغا «ساماساق» دېگەن تامغا بېسىلاتتى، بۇ ئۇستى-
نىڭ داڭقى ئەنە شۇ «ساماساق» تامغىسى بىلەن تارالدى.
ساماساق ئۇستىنىڭ دۇكىنىغا قوشنا تۆمۈرچى دۇكانلاردى-
كى ئۇستىلاردىن ياغاچچىلارنىڭ ئەسۋابلىرىنى ياساش
بىلەن داڭق چىقارغان ھوشۇراخۇن ئۇستا (يازغۇچى مەھ-
تىمىن ھوشۇرنىڭ دادىسى)، ئىگەمبەردى ئاخۇن ئۇستا،
شۇۋە ئورغىقى ياساش بىلەن نام چىقارغان سادىر ئۇستا،
مەخسۇس تارانچى ئورغىقى ياسايدىغان ئاكا ـ ئۇكا شېرىپ-
جان، ئىمىنجان ئۇستىلارمۇ مەھسۇلاتلىرىغا ئىسمى بىلەن
تامغا باساتتى. دېمەك «ماركا» ئېڭى ساماساق ئۇستا ۋە-
كىللىكىدىكى ئەينى چاغدىكى ھۈنەرۋەنلىرىمىزدە ئاللىقا-
چان شەكىللەنگەنىدى.

ساماساق ئۇستا شاگىرتلىرىنىڭ بوشاڭلىق، بىپەرۋا-
لىق قىلىشىغا ھەرگىز يول قويمايتتى. شۇڭا ساماساق ئۇس-
تىدا ئوڭايلىقچە شاگىرت توختىمايتتى. سەۋەبى: بىرىنچى-
دىن، تەلەپ قاتتىق؛ ئىككىنچىدىن، ھۈنەرنىڭ يۇقىرى
تېخنىكىسى، بولۇپمۇ سۇغىرىش ماھارىتىنى ئىگىلەش
قىيىن؛ ئۈچىنچىدىن، چاق تارتىش جاپالىق بولغانلىقتىن
ئىدى. ئەينى يىللاردا پىچاق چاقلايدىغان چاق خۇرۇم
تاسما بىلەن قولدا ئايلاندۇرۇلاتتى. ئەتراپتىكى ئۇستىلار
«ساماساق ئۇستا بەكىنىڭ تىغىنى چاققا بېسىپ تۇتقاندا
ھەرقانداق ئوغۇل بالا ۋايجان دەيدۇ. ئەمەت شاپىۇرۇت-
تىن باشقا ئادەم چىدىمايدۇ» دېيىشەتتى. ئەمەت شۇ
چاغدا غۇلجا شەھىرىدىكى تاقىچى مەھەللىدە چاق تارتىش
بىلەن داڭق چىقارغان شاپىۇرۇت ئېگىز بويلۇق، تەمبەل،
كۈچتۈڭگۈر ئادەم ئىدى.

1945 ـ يىلى ساماساق ئۇستا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى
ھۆكۈمىتى رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىغا مۈڭگۈز دەستى-
لىك ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن بەكە سوۋغا قىلغان. ئەخ-
مەتجان قاسىمى ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ ماھارىتىگە
ئاپىرىن ئوقۇش بىلەن بىللە، تىغ بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىشنى
كەسپلەشتۈرۈپ، كۆلەملەشتۈرۈپ كۆپلەپ شاگىرت تەر-
بىيەلەپ، ئىز باسار يېتىشتۈرۈپ بىباھا ماھارىتىنى ئەۋلاد-
لارغا قالدۇرۇش، جەمئىيەتكە تەقدىم قىلىشنى ئۈمىد
قىلغان. ئۇنىڭغا بەقەسەم تون، سۆلەۋسۇن تۇماق كىيگۈ-
زۈپ، بېلىگە شايى رومال باغلىغان ۋە خىزمەتچىسىدىن
خېلى كۆپ مۇكاپات پۇلى ئەۋەتىپ بەرگەن. شۇ يىلى ئۇ
يەنە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قەھرىمانى غېنى باتۇرغا
قوش بىسلىق خەنجەر سوۋغا قىلغىنىغا غېنى باتۇر ئۇنى
بىر ئات بىلەن تارتۇقلىغان.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى يەككە قول ھۈنەر-
ۋەنلەر كوللېكتىپلىشىش يولىغا ماڭغاندا، ساماساق ئۇستا
باشلامچىلاردىن بولغان. ئۇ غۇلجا شەھىرىدە قۇرۇلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بەش خىل مېتال زاۋۇتىنىڭ «تىغ بۇيۇملىرى سېخى»نىڭ تېخنىكا يېتەكچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئەخمەتجان، ئىمام، ئابلەت، مەمتىمىن (سامساق ئۇستىنىڭ ئوغلى) قاتارلىق بىر تۈركۈم شاگىرتلارنى باشلاپ، جەمئىيەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن مەھسۇلات تۈرلىرىنى يېڭىلاپ ۋە كۆپەيتىپ، قەلەم شەكىللىك مىلتىق سۈرەتلىك، كەسلەنچۈك باشلىق ۋە باغۋەنچىلىكتە ئىشلىتىدىغان ھەر خىل ئۇلاق بەكلىرىنى، خەنجەر، مال سويۇشقا ۋە ئائىلىدە ئىشلىتىدىغان، ياندا ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك پىچاقلارنى ياساپ بازارغا سالغان. بۇ مەھسۇلاتلار سودا تارماقلىرى، تىجارەتچىلەر ۋە تۇغقان يوقلاش، ۋەتىنىگە قايتىش سەپىرىدىكى مېھمانلار، ساياھەتچىلەر ئارقىلىق تەڭرىتېغىنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىغا، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، قازاقىستان قاتارلىق ئەللەرگە تارقىلىپ، سامساق ئۇستىنىڭ نام-شۆھرىتىنى تېخىمۇ نامايان قىلغان.

60-يىللاردا ئاپتونوم رايون بويىچە مىللىي بۇيۇملار، قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى باھالاشتا سامساق بەكلىرى يۇقىرى مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مىللىي بۇيۇملار، قول ھۈنەر بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسىگە قويۇلغان. شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلىنىڭ 1962-يىللىق سانلىرىغا سامساق ئۇستىنىڭ شاگىرتلارغا ھۈنەر ئۆگىتىشى ۋە مەھسۇلات تۈرلىرى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئۈچ پارچە رەسىمى بېسىلغان.

سامساق ئۇستا 1961-يىلى 8-ئايدا شۇ چاغدىكى تۆگە سۈرەتلىك قەلەمگە تەقلىد قىلىپ ياسىغان ئاجايىپ نەپىس، كۆركەم بەكە ۋە بىسىغا ئادەمنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يالتىراق، قوش بىسلىق، مىس غىلاپلىق خەنجەر ياساپ بىر پارچە خەت بىلەن ماۋزېدۇڭ رەئىسكە ئەۋەتكەن. مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورگان ئۇنىڭ يۈكسەك ھۈنەر سەنئىتى مەدھىيىلەنگەن كۆپلەپ شاگىرت يېتىشتۈرۈپ ماھارىتىنى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش ئۈمىد قىلىنغان مەزمۇندىكى جاۋاب خەت (ئالاقە) ۋە مۇكاپات پۇلى ئەۋەتكەن. بۇ خەت (ئالاقە) بەش خىل مېتال زاۋۇتى ئىشچى-خىزمەتچىلەر چوڭ يىغىنىدا ئوقۇپ بېرىلگەن.

سامساق ئۇستا 1960-يىللاردا بەش خىل مېتال زاۋۇتىنىڭ «تىغ بۇيۇم سېخى»دا ئىشلەپ پەۋقۇلئاددە ھۈنەر - سەنئىتىنى نامايان قىلىپ 1970-يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. گەرچە بۇ ئاق كۆڭۈل، جاپاكەش، قابىل ھۈنەرۋەن ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ سەمەرىلىك ئەجرى، تۆھپىسى، ئومۇم ئېتىراپ قىلغان نام شۆھرىتى خەلقىمىز قەلبىگە مەڭگۈلۈك سىڭىپ كەتكەن.

ئەمدىلىكتە سامساق ئۇستىنىڭ ئوغلى مەمتىمىن ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، «سامساق» نامىنى «سامساق» ماركىسى قىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇپ، ئوغلى پەرھاتقا ھۈنەر ئۆگىتىپ، ئاتا كەسپىنى 3-ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ، مەخسۇس «سامساق» ماركىلىق بەكە ئىشلەپچىقىرىپ بازارغا سېلىۋاتقىنى كىشىنى بەكمۇ سۆيۈندۈرىدۇ.



ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان بۈگۈنكى دەۋردە مەمتىمىن ئوغلى پەرھات بىلەن ياساپ بازارغا سېلىۋاتقان «سامساق» ماركىلىق بەكىلەر رايونىمىزنىڭ، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن مېھمانلار، ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىپ، مەرھۇم سامساق ئۇستىنىڭ تەۋەررۇك نامىنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا نامايان قىلماقتا. روھىڭىز قورۇنمىغاي پىر سۈپەت پېشىۋا ئۇستاز، نامىڭىز مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

(ئاپتور: ئىلى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى پېنسىيونېرى)

# تەۋەككۇل ئوغرى بىلەن پادىشاھ

خانتەڭرىگە قار چۈشمىگەن قەدىم زامانلاردا، چېكى يوق يايلاق ۋە چىرايلىق قىشلاقلاردا خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ يۇرتنى ئادىل سورىغان بىر شاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ شاھ پۈتۈن ئۆمرىنى پۇقرالارنىڭ غېمىنى يېيىش ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، ئۆز ئوغلىنى تەربىيەلەشكە ۋاقىت ئاجرىتالماي قالغانىكەن.

شاھزادە ھورۇن ۋە ئويۇنچى بولۇپ، دادىسىنىڭ مال - دۇنياسىنى بۇزۇپ - چاچقاننى ئاز دەپ، ھەدېسىلا خەزىنىنى زىيارەت قىلىشنى باھانە قىلىپ، ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئوغرىلاپ چىقىپ خەجلەيدىغان بولۇۋاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھ ئوۋ ئۈستىدە قازا تېپىپ، شاھزادە تەختكە چىقىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى يامان ئىشلاردىن توسۇغان ۋەزىرلەرنى زىندانغا تاشلاپتۇ، ھېيلىگەر، كاززاپلارنى ئەتراپىغا توپلاپتۇ. يۇرتنىڭ بېشى بۇزۇلغاچ، ئەلدىن بەرىكەت قېچىپ، ئوغرى - يالغانچىمۇ كۆپىيىشكە باشلاپتۇ.

بىر كۈنى قەلئە ئەتراپىدىكى بىر نەچچە باي ئەرز ئېيتىپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى:

— ئۇلۇغ شاھىم، ئاخشام 400 تۇياق ساغلىقىمنى ئوغرى ئېلىپ كەتتى، — دەپتۇ. يەنە بىرى:

— كېچىدىن بېرى قەلئە ئەتراپىدىكى بارلىق كەمبەغەل پۇقرالارنىڭ قازىنىدا گۆش قاينىدى، — دەپتۇ. يەنە بىرى بولسا:

— يۇرتىمىزدا تەۋەككۇل ئاتلىق بىر ئوغرى پەيدا بوپتۇ، ئۇ بايلارنىڭ مېلىنى ئوغرىلاپ يوقسۇللارغا بۆلۈپ بېرىدىكەن.

شاھزادە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئالاقزادە بولۇپ، ۋەزىر، ئۆلىمالارنى چاقىرىپ مەسلىھەت سوراپتۇ. ۋەزىر، ئۆلىمالار:

— جانابىي ئالىيلىرى، ھېچقاچان ئىشلەتمىگەن ھېلىقى ئاق نار تۆگىنى ئەمدى ئىشقا سالساق، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. تەۋەككۇل ئوغرىنى تۇتۇش ئۈچۈن ئاق نار تۆگە قويۇپ بېرىلىپتۇ. ئۇنىڭ قارىسىنى يوقاتماي كۆزىتىپ مېڭىشقا ياساۋۇللارنى بەلگىلەپتۇ.

شاھ ئوردىسىدىكى بۇ ئاق نار تۆگە ئاجايىپ خاسىيەتلىك بولۇپ، ئوغرىنىڭ قولى تەگكەن مالنى بىر پۇراپلا ئوغرىنى نەدىن بولمىسۇن ئىزدەپ تاپالايدىكەن. ئەمدى گەپنى تەۋەككۇلدىن ئاڭلايلى:

تەۋەككۇل ئەسلىدە نامرات يىللىقچى بولۇپ، ئەل - يۇرتىدىكى نامراتچىلىققا چىدىماي بايلارنىڭ قولىدىكى مال - دۇنيانى تەكشەش ئۈچۈن بەل باغلاپ چىققانىكەن. ئۇ ھەر دائىم ئوغرىلىغان مال - دۇنياسىنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي نامرات كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بېرىدىكەن، شۇڭا خەلق ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. تەۋەككۇل تاغ - ئېدىرلارنى بىرەر قۇر تەكشىگەندىن كېيىن، قەلئە ئىچىنىمۇ تەكشەپ قويۇش ئۈچۈن شەھەرگە ئاتلانغان ئىكەن. ئۇ بىرىنچى كېچىدىلا 400 تۇياق ساغلىقنى ھەيدەپ كېلىپ ئەتراپىدىكى كەمبەغەللەرگە تارقىتىۋەتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ پەقەتلا يالغۇز قېرى ئانىسىلا بار ئىكەن.

تەۋەككۇل ھويلىدا ئوتۇن يېرىۋېتىپ سېغىزخاننىڭ سايرىشىنى ئاڭلاپ، دەرەختكە چىقىپ يولغا قاراپ، يىراق-



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com





تىن بىر ئاق نار تۆگىنىڭ ئۇدۇل مۇشۇ ياققا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئانىسىنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپ، ئىشىك تۈۋىدە پالتىنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. تۆگە ھويلىغا بېشىنى تىقىشى بىلەن تەڭ تۆگىنىڭ كاللىسىنى پالتا بىلەن ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۇنى بۇلۇڭدىكى ئوت-چۆپ دۆۋىسىگە كۆمۈۋېتىپتۇ. ئاندىن ئۆزى چىرايلىق بىر قىزنىڭ سىياقىدا ياسىنىپ ئانىسىغا:

— ئەگەر ياساۋۇللار كېلىپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىمەن دېسە، مېنىڭدىن رۇخسەتسىز كىرگۈزمىگىن، — دەپ تاپىلاپ قويۇپ، ئۆزى ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ياساۋۇللار ھويلىغا كىرىپتۇ ۋە مومايدىن تۆگە كۆرگەن-كۆرمىگەنلىكىنى سوراپتۇ. موماي بىر ئاق نار تۆگىنىڭ ئالدى ئىشىكتىن كىرىپ ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، تۆگىنىڭ تۇياق ئىزىنىمۇ كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. دەل شۇ ئەسنادا ئىچكىرىدىكى ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن نازاكەتلىك بىر گۈزەل قىزنىڭ ناز بىلەن بېقىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ياساۋۇللارنىڭ بۇ يەردىن كەتكۈسى كەلمەپتۇ ۋە مومايدىن ئۇسسۇلۇق سوراپتۇ. موماي ئۇلارنى دالان ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇلار ئىچكىرىكى ئۆيدە دۇتار چېلىپ ئولتۇرغان گۈزەل قىزنى كۆرۈپ ئاشىق بىقارار بولۇشۇپتۇ. موماي ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى يېپىپ قويۇپ چايغا تۇتۇش قىپتۇ. چايدىن كېيىن ياساۋۇللار قىزنىڭ ھۆسن-جامالىنى زىيارەت قىلىشنى ئۆتۈنۈشۈپتۇ. موماي بولسا:

— قىزىم ئەركەك يۈزى كۆرمىگەن، يۈزى تۆۋەن، سىلەرنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتمىسۇن، بىردىن-بىردىن كىرىڭلار، — دەپتۇ.

ئىچكىرىكى ئۆيگە تۇنجى بولۇپ كىرگەن ياساۋۇل ئىشىكنى چىڭ يېپىپ قويۇپ، ئالدىغا ئۈچ قەدەم ماڭغان ئىكەن، ئايىغى ئاستىدىكى تاختاي تۇيۇقسىز «گۈپ» قىلىپ پەسكە چۈشۈپتۇ-دە، ياساۋۇل قۇدۇق ئىچىگە چۈشۈپ ھالاك بوپتۇ. تەۋەككۇل كېيىنكىلەرنىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش يوقاتقاندىن كېيىن، ئۆينىڭ ئىچىگە كولىغان قۇدۇقنى كۆمۈپ تاشلاپ، تۆگىنىڭ گۆشىنى قورۇتۇپ، مېيىنى كۆيدۈرۈپ ئاپتۇ.

نار تۆگە ۋە ئۈچ ياساۋۇلدىن ئايرىلغان شاھ كېچە ئۇخلىماي تەسلىكتە تاڭنى ئاتقۇزۇپتۇ. ئەتىگەندە شەھەردىكى چوڭ سەرراپ دادپەرياد ئۇرۇپ يېتىپ كەپتۇ ۋە ئاخشام پۈتۈن ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئالاقزادە بولغان ۋەزىر، ئۆلىمالار دەرھال شاھ ئوردىسىغا ھازىر بولۇپ يىغىلىش قىپتۇ. ئۇلار پادىشاھتىن تەدبىر قوللىنىپ بۇ خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى قاتتىق تەلەپ قىپتۇ. پادىشاھ ئۇلاردىن تەدبىر كۆرسىتىشنى سوراپتۇ.

— تاغ باغرىدا بىر جادۇگەر كەمپىر بار، — دەپتۇ ئۇلار، — بىز شۇنى تېپىپ كېلەيلى. ئۇنىڭ 72 خىل ھىيلىسى بار.

جادۇگەر ئوردىغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن پادىشاھ ئۇنىڭغا تەۋەككۇل ئوغرىنى تېپىپ كېلىشنى تاپشۇرۇپتۇ. ئۇ يەتتە كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇ مەھەللىلەرنى ئارىلاپ، ھەر خىل ھىيلە-نەيرەڭلەرنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، تەۋەككۇلنى ئىزدەپ تاپالماپتۇ. ئارىدىن ئالتە كۈن ئۆتۈپتۇ. بۇ ئالتە كۈن ئىچىدە تەۋەككۇل ئوردا ئەتراپىدىكى ئالتە چوڭ باينىڭ مال-دۇنياسىنى يۇيۇپ-تاراپ يەرلىكىدە قويۇپ بوپتۇ.

يەتتىنچى كۈنى ئەتىگەندە كەمپىر بىر بېسىپ ئىككى بېسىپ تەۋەككۈلنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئۇ نالە قىلىپ، ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. تەۋەككۈل بۇ چاغدا تىڭتىڭلاش ئۈچۈن شەھەرگە كىرىپ كەتكەن ئىكەن. تەۋەككۈلنىڭ ئانىسى كەمپىرنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپتۇ.

— يالغۇز ئوغلۇم بار ئىدى، ئالتە ئايدىن بېرى پالەچ بولۇپ يېتىپ قالدى. تېۋىپنىڭ ھۆكۈمى بويىچە ئاق نار تۆگىنىڭ مېيىنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى. ۋاي بىچارە بالامەي، — دەپ نالە قىپتۇ جادۇگەر كەمپىر. كەمپىرنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ تەۋەككۈلنىڭ ئانىسىنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كېتىپتۇ ۋە ئۆيىگە كىرىپ بىر كوزا تۆگە مېيىنى ئۇنىڭغا ئەپچىقىپ بېرىپتۇ. جادۇگەر رەھمەتنىڭ ئۈستىگە رەھمەت ئېيتىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

تەۋەككۈل بازارنى ئايلىنىپ، كېچىلىك ئوۋنىڭ غېمىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا، ئۆزىنىڭ ئۆيىدىكى تۆگە مېيى قاچىلانغان كوزىنى كۆتۈرۈپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان جادۇگەر كەمپىرنى كۆرۈپ، ئانىسىنىڭ سىرىنى پاش قىلىپ قويغانلىقىنى پەملەپتۇ-دە، ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ:

— ھارمىغايلا موما، كوزىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەيمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— رەھمەت بالام، ئوغلۇم پالەچ بولۇپ يېتىپ قالغان ئىدى، مىڭ تەسلىكتە ئازراق ئاق نار تۆگىنىڭ مېيىنى تېپىپ ئېلىپ كېلىۋاتىمەن، — دەپتۇ جادۇگەر كەمپىر.

— ھەي، تۆگە مېيىغا قارىغاندا باش-پاقالچىكى تېخىمۇ ياخشىراق شىپا بولىدۇ. مەن سىلىگە باش-پاقالچىقىنى تېپىپ بېرەي، — دەپتۇ تەۋەككۈل.

تۆگىنىڭ مېيىغا قارىغاندا نەق بېشىنى كۆتۈرۈپ بارسا تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئويلىغان جادۇگەر ماقۇل بولۇپ تەۋەككۈلنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. تەۋەككۈل ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىككى قولىنى چاناپ ئېلىپ، جەسىتىنى كۆمۈپ تاشلاپتۇ.

شۇ كېچىسى تەۋەككۈل پادىشاھ ئوردىسىدىكى خەزىنىگە ئوغرىلىققا كىرىپ ھەر بىر ئامباردىن ساناپ ئون تىللا، ئون يامبۇدىن ئېلىپ، شاھقا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپتۇ. جادۇگەر كەمپىرنىڭ يوقالغىنىدىن ۋە كېچىدىكى ئوغرىلىقتىن خەۋەر تېپىپ ئوردا ئەھلى تېخىمۇ قورقۇشۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ پۈتۈن ۋەزىر-ۋۇزرالىرىنى يىغىپ، تەۋەككۈلنى تۇتىدىغان ياخشى چارە تېپىشمىسا، ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى ئالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ، ئۇلار باش قاتۇرۇپ ئاخىر بىر چارە تېپىپتۇ.

ئارىدىن يەنە بىر نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. ھەر كۈنى دېگۈدەك تالاي پاراكەندىچىلىكلەر يۈز بېرىپ تۇرۇپتۇ. بىر كۈنى چۈشتە تەۋەككۈل كوچا-كوچىلارغا چاپلىۋەتكەن شاھنىڭ پەرمانىنى ئوقۇپتۇ. پەرماندا «ئوردا ئارقىسىغا مەخسۇس ساراي سالدۇرىمەن. يەتتە قەۋەت سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھۇجرىدا مەلىكە تۇرىدۇ. كىم مەلىكىنىڭ بارمىقىدىكى گۆھەر كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكنى تۇيدۇرماي ئوغرىلىۋالسا، شۇنىڭغا مەلىكىنى قوشۇپ پادىشاھلىقىمنى بېرىمەن» دېيىلگەن ئىكەن. تەۋەككۈل تامدىكى مۆھۈرلۈك پەرماننى سويۇۋېلىپ قاتلاپ يانچۇقىغا سېپتۇ، ئاندىن ساراي سېلىنىۋاتقان جايغا بېرىپتۇ، ئۇ يەردە بىر نەچچە مىڭ مەدىكار ئالدىراش ئىشلەۋاتقان ئىكەن. تەۋەككۈل ئۇلارغا سېۋەت كۆتۈرۈشۈپ بەرگەن بولۇپ، جىسەكچىدىن ئۆتۈپ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ. ئۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئەڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ بىر ئىشلەمچىدىن:

— ئاغىنە، سىلەرنىڭ كولاۋاتقىنىڭلار قايسى ئۆينىڭ ئۇلىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەلىكە خېنىمنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ — دەپتۇ ئىشلەمچى ئىككى غۇلاچ كەڭلىكتىكى ئۇلنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

دەل شۇ پەيتتە بىر جىسەكچى كېلىپ تەۋەككۈلدىن:

— سەن نېمە ئادەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ناسۋال ساتقىلى كەلدىم، — دەپتۇ تەۋەككۈل تەمتىرىمەي.

— يوقال بۇ يەردىن! جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ؟ — دەپ ھېلىقى جىسەكچى ئۇنى قوغلاپتۇ. تەۋەككۈل ھۇجرا تېمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تارتىپ قەدىمىنى ئىچىدە ساناپ مېڭىپ كېتىپتۇ. ئۇ شۇ ماڭغىنىچە تاغ باغرىدىكى بۈك-باراقسان دەرەخزارلىققا كەلگەندە قەدىمىنى توختىتىپتۇ، ئۇ شۇ يەردىن باشلاپ ساراي ھۇجرىسىغا قاراپ لەخمە كولاشقا باشلاپتۇ.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتكەندە شاھ بەلگىلىگەن مۆھلەتتە ساراي پۈتۈپتۇ. تەۋەككۈلنىڭ لەخمىسىمۇ دەل شۇ كۈنى مەلىكىنىڭ ھۇجرا تېمىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختاپتۇ. پەقەت تامنىڭ بىر قەۋەت سۇۋىقىلا تېشىلمەي قاپتۇ. تەۋەككۈل ئىشنى پۈتكۈزۈپ بولۇپ، تەييارلىق قىلىش

ئۇچۇن ئۆيگە قايتىپتۇ. ئۇ كېچىسى لەخمە ئارقىلىق ھۇجرا تېمىغا كەپتۇ ۋە قولىدىكى بىگىزدە تامدىن كىچىككىنە تۆشۈك ئېچىپ ئۆي ئىچىنى كۆزىتىپتۇ. قارىسا مامۇق تۆشەكتە ناز ئۇيقۇدا ياتقان گۈزەل مەلىكىنىڭ ئايىغى بارمىقىدا گۆھەر كۆزلۈك ئۈزۈك چاقناپ تۇرغۇدەك، تاشقىرىقى ھۇجرىلاردا قاتمۇقات ياساۋۇللار بار بولۇپ، ئۇ ئۆيلەرگە قوڭغۇراقلار ئېسىلغان ئىكەن. بۇ قوڭغۇراقلارنىڭ يىپى مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىدا ئىكەن. ئەگەر بىرەر شەپە ئاڭلانسا، مەلىكە قوڭغۇراقنى تارتىدىكەن، شۇ زامان ياساۋۇللار ھازىر بولىدىكەن.

تەۋەككۇل يېرىم كېچىدە تامنىڭ سۇۋاقلىرىنى ئاستاغىنە سويۇپ ئېلىۋېتىپ، قوڭغۇراق يىپىنى كېسىۋېتىپ، قاتتىق ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتقان مەلىكىنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپتۇ. باياتىن بېرى يالغاندىن ئۇخلاۋاتقان بولۇپ ياتقان مەلىكە كۆزىنى ئاچماستىن جىم يېتىپ «ئەگەر ۋارقىرىسام ياكى سىرتتىكىلەرگە خەۋەر بەرسەم، ئۇ ئۆزى كىرگەن تامدىكى تۆشۈك ئارقىلىق قېچىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا مەن ئۇنى ئۆزۈمگە مەھلىيا قىلىپ تۇرۇپ، ئۇ بىخۇدلاشقاندا چىڭ تۇتۇۋېلىپ ۋارقىرىمايمەنمۇ» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، تەۋەككۇلگە:

— ھەي قورقماس يىگىت، مەن يۈرەكلىكىڭگە قول قويدۇم، كەلگىن بىز تونۇشايلى، — دەپتۇ.

تەۋەككۇل مەلىكىنىڭ ھىيلىسىنى پەملەپ، چاندۇرماستىن ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئاپتۇ ۋە شېرىن سۆزلەرنى قىلىپ مەلىكە بىلەن مۇڭدىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ مەلىكىنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، چاققانلىق بىلەن شاھنىڭ نامى پۈتۈلگەن ئالتۇن ئۈزۈكنى ئۇنىڭ بارمىقىدىن سۇغۇرۇۋاپتۇ. بۇنى سەزگەن مەلىكە ئۇنىڭغا:

— سەن بۇ يەردىن قېچىپ كېتەلمەيسەن، ئەگەر سالامەت قۇتۇلۇپ كېتەلىسەڭ، مەن سېنىڭ باتۇرلۇقۇڭغا قول قويىمەن ۋە ئۆزۈمنى بېغىشلايمەن، — دەپتۇ ۋە ناز قىلغان بولۇپ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋاپتۇ، تەۋەككۇل:

— مەن كېتەي، تاڭ ئاتاي دەپ قالدى، ئەتە كېلەي، — دەپتۇ. لېكىن مەلىكە زادىلا ئۇنىماي:

— سەندىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايمەن، — دەپ ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىۋاپتۇ.

— تالادىن بىرى قارىغاندەك قىلىدۇ، مەن دېرىزىدىن قاراپ باقاي، — دەپتۇ تەۋەككۇل ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ياق، مېنى ئالداپ قېچىپ كېتىسەن، — دەپتۇ مەلىكە ئۇنى قويۇۋەتمەي. تەۋەككۇل:

— بولمىسا بىر قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇڭ، مەن دېرىزىدىن قاراپ باقاي، — دەپتۇ ـ دە، قاراڭغۇدا جادۇگەرنىڭ بىر قولىنى مەلىكىگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئۆزى قېچىپ كېتىپتۇ. مەلىكە قورقۇپ كەتكەنلىكتىن دەھشەتلىك چىرقىراپ ۋارقىرىغىنىچە جەينەكتىن كېسىلگەن جادۇگەرنىڭ قولىنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىپتۇ. ئېچىدىن ئېلىۋېتىلگەن ئىشىكتىن ياساۋۇللار دەرھال كىرەلمەپتۇ. مەلىكە ئىسىگە كېلىپ ئىشىكنى ئاچقاندىن كېيىنلا ئۇلار ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۇلار مەلىكىنىڭ قولىدىكى ئۈزۈكنىڭ يوقلۇقىنى، تامدىكى ئىشىكتەك يوغان تۆشۈكنى ۋە يەردە تۇرغان ھېلىقى جادۇگەر كەمپىرنىڭ قولىنى كۆرۈپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قاپتۇ.

تەۋەككۇل كېچىچە جىددىي تەييارلىق كۆرۈپ، تاڭ ئاتقاندا، شاھتىن باشقا بارلىق ئوردا ئەمەلدارلىرىنى، لەشكەر باشلىقلىرىنى ۋە يۇرت ئاقساقاللىرىنى ئاتاقلىق بىر سودىگەرنىڭ نامىدا چوڭ سارايغا چايغا چىللاپتۇ. سودىگەرنىڭ ئىلتىپاتىدىن قۇرۇق قالماسلىقنى ئويلىغان ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى كەپتۇ، زىياپەت مول بوپتۇ. زىياپەت ئاخىرلاشقان ۋاقىتتا تەۋەككۇل قويىندىن شاھنىڭ پەرمانىنى چىقىرىپ ئوقۇپتۇ. ۋەزىرلەر ئۇنىڭ قولىدىكى ئۈزۈكنى كۆرۈپتۇ. يىغى شاھنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قېلىشنى خالىمىغان ئوردا ئەمەلدارلىرى تەۋەككۇلنى «شاھ ئالىيلىرى» دەپ خۇشامەت قىلىشقا باشلاپتۇ. تەۋەككۇل ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ ھەممىنى ئوردىغا باشلاپ كەپتۇ.

ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملىگەن پادىشاھ جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شاھلىق تاجىنى تەۋەككۇلگە تاپشۇرۇپ، تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپتۇ. تەۋەككۇل ئۇنىڭغا قاراپ:

— سەن مۇشۇ ۋاقىتقىچە تەييارغا ھەييار بولۇپ كەلدىڭ. ئەمدى ئۆز ئەمگىكىڭ بىلەن جان باق! — دەپتۇ ۋە ۋەزىرلەرگە:

— بۇنىڭغا ئازراق دەسمايە بىلەن بىر ئات ھارۋا بېرىڭلار. ئۇ چوڭ خوتۇنى بىلەن تۆۋەن مەھەللىدىكى كەپىدە ئۆي تۇتۇپ، كاندىن كۆمۈر توشۇپ سېتىپ جان باقسۇن، — دەپتۇ.

تەۋەككۇل پادىشاھ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئادىللىقىدىن خەلق سۆيۈنۈپتۇ.

توپلىغۇچى: ئابلىكىم

(«ئۈرۈمچى تيانشان رايونلۇق خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىدىن تەييارلاندى)

# تارىختىكى مۇقەددەس جاي ماچۇپىكچۇ



(ئىندىيانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پاناھگاھى)

ماچۇپىكچۇ (Machu Picchu)نىڭ ئورنى ئىندىيان پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى بولغان، كوسكونىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىن 120 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، بۇ ئىندىيان مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قالدۇقىدۇر. ئۇ ئېگىزلىكى 2000 مېتىر كېلىدىغان قاتمۇقات ئاندىس تاغ تىزمىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئولۇبامبا دەرياسى بىلەن ئىككى تاغ چوققىسىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان قەدىمىي شەھەر. شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپى ئېگىز تىك چوققىلار بىلەن ئورالغان، ئەمما بۇ چوققىلار بۇلۇت ئىچىدە كۆرۈنمەي قالغاچقا، يىراقتىن نەزەر سالسىڭىز ئادەمگە بىر خىل غايىۋى تۇيغۇ ئاتا قىلىدۇ. 1983-يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى مەدەنىيەت بىلەن تەبىئىيلىكى قوش مىراسلار دەپ قاراپ «دۇنيا مىراسلىرى قامۇسى» غا كىرگۈزۈلگەن.

مىلادى 11-ئەسىردە جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئىندىيانلار كوسكونى پايتەخت قىلىپ بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن ۋە ئىندىيانلار پادىشاھلىقىنى قۇرۇپ چىققان. ئىندىيانلار ئۆزىنى قۇياش ئىلاھىنىڭ

ئەجدادلىرى دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ «ئالتۇن ئىمپېرىيە» دەپمۇ نامى بار. ئىسپانىيەلىكلەر بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن، بۇ يەردە سىرتقى قىسمى پۈتۈنلەي ئالتۇن بىلەن كەپشەرلەنگەن بىر بۇت بار ئىدى ھەم ساناقسىز ئالتۇن-كۈمۈش بايلىقى بار ئىدى. 16-ئەسىردە ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئىندىيان ئىمپېرىيەسىگە تۇيۇقسىز تاجاۋۇز قىلىپ، ئىندىيان پادىشاھى ئاتايارپانى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. ئىندىيانلارنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش ۋە بايلىقلىرى تالان-تاراج قىلىنىپ، پەقەت بىر يىل ۋاقىت ئىچىدىلا ئىندىيان ئىمپېرىيەسى ئاغدۇرۇلغان.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن ئىندىيانلار كېيىن-كېيىندىن ئاندىس تاغ تىزمىسىدىكى خىلۋەت، چوڭقۇر تاغ جىلغىسىغا قېچىپ كەلگەن ۋە نەچچە مىليون قاداق سېرىق ئالتۇننى ئاندىس تاغ تىزمىسىدىكى بىر مەخپىي جايغا كۆمۈۋەتكەن. شۇنداقلا ھەشەمەتلىك، كاتتا قورغاندىن بىرنى بەرپا قىلىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پاناھ جايى قىلغان. ئەمما ئىندىيانلارنىڭ بۇنداق تاغنىڭ ئەڭ ئىچىدە ۋە قويۇق ئورمانلىقتا بېكىنىپ تۇرۇۋېرىشى ئۇلارنى ئەڭ ئاخىرى زاۋاللىققا يۈزلەندۈرگەن. ئۇلار بۇ پاناھ جايىدىكى بارلىق مەخپىيەتلىكلەرنى ئۆز قەبرىلىرىگە بىللە ئېلىپ كەتكەن. ئىندىيان ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تۇرالغۇ جايى زادى قەيەردە؟ بۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغايدىغان مۇھىم بىر تېپىشماققا ئايلانغان.

ئىسپانىيە ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى كوسكونىڭ ئەتراپىدىكى تاغ ۋە ئورمانلىقلارنىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇپ، ئىندىيانلار ئىمپېرىيەسىگە ئالاقىدار مەزمۇنلارنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىزچىل، قايتا-قايتا ئىزدەنگەن بولسىمۇ، بىراق ئاخىرقى ھېسابتا ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىگەن. شۇڭا نۇرغۇن قېتىملىق مەغلۇبىيەتنى باشتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئاخىر ئىزدەۋېرىشتىن قول ئۈزگەن.

300 يىل ئۆتۈپ، ئۇ رىۋايەتلەر ۋاقىتنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ ساپلىقىنى يوقاتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە كىشىلەر ئاستا-ئاستا رىۋايەتتىكى شەھەرنىمۇ ئۇنتۇغان.

1911-يىلى 1-ئايدا ئامېرىكىنىڭ يالې ئۇنىۋېرسىتېتى لاتىن ئامېرىكا تارىخىي تەتقىقات ئورنىنىڭ ياش ئالىمى بىكھام بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە باشلامچىلىق قىلىپ، پېرو چېگراسى ئىچىدىكى كوسكو شەھىرىدىن يولغا چىقتى. ئۇنىڭ مەقسىتى ۋىرجابەنبا دەپ ئاتىلىدىغان ئىندىيانلارنىڭ قەدىمىي شەھىرىنى ئىزدەپ تېپىش ئىدى. بىكھام تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئېگىلىشىچە، ۋىرجابەنبا 1512-يىلى ئىسپانىيەلىكلەرنىڭ قولىغا چۈشكەن. بىراق مەزكۇر شەھەرنىڭ خارابىسى ئەمەلىيەتتە ئىزچىل تېپىلماي كەلگەن. شۇڭا بىكھام ئۇنى ئىزدەپ تېپىش ئىرادىسىگە كەلگەنىدى. بىكھام ۋە ئۇنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىكىلەر نەچچە تۇياق خېچىرغا يۈك-تاقلىرىنى ئارتىپ، ئۇلۇبامبا دەرياسىنى بويلاپ شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار ئارانلا بەش كۈندە تەخمىنەن يۈز كىلومېتىر يول يۈرەلىدى. 7-ئايغا كەلگەندە بۇ قېتىملىق قىدىرىپ تەكشۈرۈش قاراپ تۇرۇپ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى. بېكھام نائىلاج باشقا بىر تاغ يولىغا قاراپ ماڭدى. بىر كىچىك مېھمانسارايى غوجايىنىنىڭ يول باشلىشى بىلەن بېكھام رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان قۇياش دەرياسى — ئۇلۇبامبا دەرياسى قىرغىقىدىكى تاغ قاپتىلىغا يامىشىپ چىقتى ۋە ئۇلار ئۇ يەردە ئىككى ئىندىيان كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئىندىيان كىشى ئۇلارغا تاغدىن بۇرۇلۇپ ئۆتسىلا بىر قەدىمىي شەھەرنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى.



بېكھام كۆپ قېتىملىق مەغلۇبىيەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئالدىراپ ئۈمىدلىنىپ كەتمىدى. بېكھام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى پەقەت بىر قېتىملىق جاپالىق تاغقا يامىشىشتىن كېيىنلا، تاش بىلەن قوپۇرۇلغان بىر تامنىڭ يېنىغا كەلدى. پۈتكۈل تامنى ياپېشىل ئوت-چۆپلەر يېپىنچىسى ئورىۋالغانىدى، ئۇلار يەنە بىر قىسىم ئاق رەڭلىك يالتىراق مەرمەر تاشتا ياسالغان قۇرۇلۇشلارنى كۆردى. تامنىڭ بەزى جايلىرى ياپېشىل ئوت-چۆپلەر ئىچىدە روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بېكھام تەئەججۈپلەنگەن ھالدا ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. ئۇ كەينى-كەينىدىن شۇنداق دەيتتى: كۆز ئالدىمىزدا كۆرۈنگىنى ئاللىبۇرۇن چۆللىشىپ، بىرمۇ ئادىمىزات قالمىغان، ئەمما ئىنتايىن ھەيۋەتلىك بىر قەدىمىي شەھەر. بۇ شەھەر ئىنتايىن چوڭ مەرمەر تاشلارنى كېسىپ پارچىلىغاندىن كېيىن، ئېگىزلىكى 2450 مېتىر كېلىدىغان تىك يار باغرىغا ئېلىپ چىقىلغاندىن كېيىن ياسالغان. شەھەر قىياپىتى زىچ كەتكەن ئېگىز چوققىلار بىلەن بىرلىشىپ ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈش ھاسىل قىلغان. كېيىن ئۇ خاتىرىسىگە يازغىنىدەك: «ئۇلار بارغانلا يەرگە تەخمىنەن يۈزدىن كۆپرەك ناھايىتى چىرايلىق تاش سۇپىلارنى ياسىغان. بايقىشىمچە بۇ مەن يولۇققان ئەڭ ياخشى ئىندىيان تاشچىلىقىدۇر. نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان، بۇ ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلار دەل-دەرەخلەرنىڭ شاخ-شۇمبىلىرى ۋە ئوت-چۆپلەرنىڭ مۇخلىرى بىلەن چىرمىشىپ يۆركىنىپ كەتكەن. ئەمما، قويۇق ئورمانلىقنىڭ شاخ-شۇمبىلىرى كەينىدىكى قاراڭغۇلۇقتا يوشۇرۇنغاننىڭ ھەممىسى غايەت چوڭ ئاق رەڭلىك گىرانىت تاشلار بىلەن قوپۇرۇلغان تاملار ئىدى. بۇ تامدىكى تاشلارنىڭ ھەممىسى كۆڭۈل قويۇپ تاراشلانغاندىن كېيىن، ماھىرلىق بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلۇپ قوپۇرۇپ چىقىلغان.»

مانا بۇ دۇنياغا مەشھۇر ھەم سىرلىق قەدىمىي شەھەر — ماچۇپىكچۇدۇر.

بۇ شەھەرنىڭ ئىندىيان پادىشاھلىقى قالدۇرۇپ كەتكەن باشقا يادىكارلىقلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئىسپانىيەلىكلەر ئىندىيان پادىشاھلىقىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىنكى نەچچە يۈز يىللار مابەينىدە، ئېگىز تاغ، تار ۋە قويۇق ئورمانلىقلار ئىچىدە پىنھان قالغان. شۇڭا باشقىلار تەرىپىدىن بايقىلىپ قالماي، ئىسپانىيەلىكلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىدىن ساقلىنىپ قالغان.

ماچۇپىكچۇ ئىندىيان تىلىدا «قەدىمىي تاغ چوققىسى» دېگەن مەنىدە. ماچۇپىكچۇ خارابىلىقىنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى تەخمىنەن 13 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شەرق، شىمال ۋە غەرب تەرىپى بىر-بىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن تىك يار. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەلئە كۆڭۈل قويۇپ ئىنچىكە لايىھەلەنگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەلئەنىڭ قۇرۇلۇشىنى لايىھەلىگەن ئىندىيان بىناكارچىلىق ئۇستىلىرى ئېھتىمال داڭلىق تاشچى ۋە سۇۋاقچى ئۇستىلارنى ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ قەلئەنىڭ پۈتكۈل قۇرۇلۇشىغا غايەت زور گىرانىت تاغ جىنسى پارچىلىرى ئىشلىتىلگەن. تۆت ئەتراپ تام بىلەن ئورالغان. تام ئىچىدىكى يوللار تاغقا يۆلەپ ياسالغان بولۇپ، پۈتكۈل ئىمارەتلەر ئوخشاش بولمىغان قەۋەتلەرگە جايلاشقان ھەم ئارىلىقى پۈتۈنلەي تاش پەلەمپەي بىلەن ئۆز-ئارا تۇتاشتۇرۇلغان. شۇنداق سىپتا گىرەلەشتۈرۈلۈپ ياسالغان قەلئەنىڭ مەركىزىدە ئۈستى ئوچۇق «چوڭ مەيدان» بولۇپ، ناھايىتىمۇ كەڭ. ئەينى يىللاردىكى ئىندىيانلار ئېھتىمال بۇ يەردە چوڭ تىپتىكى يىغىلىشلارنى ئۆتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن. چوڭ گىرانىت تاشتا ياسالغان شەھەر دەرۋازىسى يەنى زەپەر دەرۋازىسى 625 ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇقتىكى يول بېشىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ مۇشۇ تاغلىق شەھەرگە كىرىپ - چىقىشتىكى بىردىنبىر دەرۋازا، ئۇ يەر شەكلى تىك كېسىشىپ چۈشكەن يارلىقتا ناھايىتى ئەپچىل ئورۇنلاشقان.

ماچۇپىكچۇ قەدىمىي شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا، يەرلىكتىكى بايلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى بىلەن ئەتراپتىكى ئېكىنزارلىقتا ئىشلەيدىغان ئاددىي كىشىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىدە روشەن پەرق بار. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى ئېسىلزادىلەرنىڭ تۇرالغۇسى ناھايىتى چوڭ تاشلار بىلەن كەڭ-كۇشادە ئېسىل سېلىنغان. ئەمما ئەينى يىللاردىكى كاسىپلار بىلەن ئەمگەكچىلەر قەدىمىي شەھەر مەركىزىنىڭ سىرتىدىكى پاكار، كىچىك ئۆيلەرنى سېلىپ ئولتۇرغان. بۇ ئاددىي ئۆيلەرنىڭ ئۈستى ئوت-چۆپلەر بىلەن يېپىلىپ، بىر ئائىلە كىشىلىرى ئادەتتە پەقەت بىر ئېغىزلىق ئۆيدىلا ياشىغان. ئۆز-ئارا ئۇرۇق تۇغقانلىرى بار ئائىلىلەر بىر ھويلىدا ئىككىدىن سەككىزگىچە بولغان كىچىك ئۆيلەردە ئولتۇرغان.



كىشىلەرنىڭ بايقىشىچە، قەدىمىي شەھەردىكى دېھقانلار ماچۇپىكچۇ ئەتراپىدىكى تاغ باغرىنى قېزىپ، ھەيۋەتلىك پەلەمپەي شەكىللىك ئېتىزنى بەرپا قىلغان ھەم تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەتراپىنى تاش بىلەن قوپۇرۇپ تام سالغان. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردە كۆرستىلىشىچە ئىندىيان ھۈنەرۋەنلەر پىششىقلاپ ياسىغان مېتال قازان-قومۇچ ۋە تاش قۇراللار ئەينى ۋاقىتتىكى ھۈنەر - سەنئەتنىڭ ئەڭ ئېسىل جەۋھىرىدۇر. ئۇلار مس بىلەن سىنكنى ئارىلاشتۇرۇپ «برونزا» دەپ ئاتالدىغان بىر خىل مېتالنى ئىشلەپچىقارغان ھەم بۇ خىل مېتالدىن پايدىلىنىپ پالتا، پىچاق، ئۇسكۈنىلەرنى ياساپ چىققان. ئۇلار يەنە بىر خىل «بىسلىق تاش» دەپ ئاتىلىدىغان قارا رەڭلىك قاتتىق تاغ جىنسىدىن پايدىلىنىپ بولقا، بازغان ۋە پىچاق، قىغىراق قاتارلىق ئەسۋابلارنى ياسىغان. يەنە يېشىل تاش پارچىلىرىدىن پايدىلىنىپ مارجانلارنىمۇ ياسىغان.

ماچۇپىكچۇدا قېزىلغان قەبرىلەر يۈزدىن ئارتۇق بولۇپ، تويا ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان سۆڭەكلەر 173 دانە. بۇ قەبرىلەرگە بىللە دەپنە قىلىنغان بۇيۇملار ئىچىدە مس ئەينەك، دەستىسىگە قۇشنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن بىر دانە پىچاق، شاراب قاچىسى، تۈرگۈچ، مستىن ياسالغان جۈپتەك ۋە بېزەك ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن تىغلىق ئەسۋاب جابدۇقلار بايقالغان.

داغلىق «ئۈچ روجەكلىك ئىلاھىي بۇتخانا» سى ماچۇپىكچۇنىڭ ئەڭ مۇقەددەس جايىدۇر. غايەت چوڭ تاشلار بىلەن قوپۇرۇلغان تاش تامدا ئۈچ روجەك بولۇپ، بۇ روجەكلەر ئاندىس تاغ تىزمىسىدىكى ئېگىز چوققىلار بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئىندىيان خاندانلىقىنى قۇرغان ئادەم شۇ يەردە پەيدا بولغانمىش. شەھەر ئىچىگە «قۇياش سائىتى» (قۇياشنىڭ ئايلىنىشى بىلەن تاش قوزۇققا چۈشكەن سايىدىن ۋاقىتنى مۆلچەرلەيدىغان ئەسۋاب) نى ئورناتقان. بۇ كۆرۈنۈشى ئاتنىڭ تاقىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تاش ئويمىدىكى سائەت ئىستىرېلكىسى تەقلىدىدە ئورنىتىلغان تاش قوزۇق، ئۇلار تەرىپىدىن «قۇياش ئىلاھىنى باغلايدىغان قوزۇق» دەپ قارالغان. ئۇنى يەنە ئىندىيانلار ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان كۈن تەڭرىسىنىڭ مۇقەددەس نەرسىسى، دەپ بىلگەن. بىراق ئاتنىڭ تۆمۈر تاقىسى شەكلىدىكى كۈن تەڭرىسى مۇنارى ماچۇپىكچۇنىڭ دىنىي يىغىلىش مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزىدىغان جايى بولغان. بۇ مۇنارغا ئىشلىتىلگەن ھەر بىر تاش بېزەكنىڭ ئۇلانغان جايىدىن ھېچقانداق يېرىق ياكى يوچۇق كۆرۈنمەيدۇ. قۇياش ئىلاھى مۇنارىنىڭ ئاستىنقى تەرىپىدە پادىشاھنىڭ قەبرىسى بولۇپ، بۇ ماچۇپىكچۇ قەدىمىي شەھىرىدىكى ئەڭ غەيرىي قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۆڭكۈر تاملىرىغا تاش تاختىلار ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ يېپىشتلغان. ئۆڭكۈر تاشلىرىنىڭ ئىنتايىن قاتتىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تاش ئۈستىگە ياي شەكلىدىكى تەخت ئويۇپ ياسالغان. ھازىرغا قەدەر بۇ يەرگە كىمنىڭ دەپنە قىلىنغانلىقى نامەلۇم.

ماچۇپىكچۇدىكى بارلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان، تاشچىلار پۈتۈنلەي ئۇسكۈنە ۋە تۆمۈر توقماقتا ئوخشاش ئەسۋابلارغا تايىنىپلا ياسىغان. تاش پارچىلىرىنىڭ ئارىسىغا ھېچقانداق سېمونت، لاي تۈرىدىكى ماددىلار ئىشلىتىلمىگەن بولسىمۇ، تاشلار بىر-بىرى بىلەن شۇنچىلىك چىڭ جىپسىلاشقان بولۇپ، ناھايىتى مۇستەھكەم. ئۇلار شەھەر ئوتتۇرىسىغا ناھايىتى ئۈستىلىق بىلەن ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنى لايىھەلەپ پۈتتۈرگەن، پۈتۈن شەھەردە جەمئىي 1500 دىن ئارتۇق ئادەم ئولتۇراقلاشقان بولۇشى مۇمكىن. تۆت ئەتراپ ھالقىپ ئۆتۈش ئىنتايىن قىيىن بولغان ئېگىز تاغلار ھەم قويۇق ئورمانلىقلار

بىلەن تەبىئىي تۇسۇلۇپ تۇرغاچقا، باشقىلار تەرىپىدىن بايقالماي كەلگەن. شۇڭا پۈتۈن شەھەر شۇنداق مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان.

ماچۇپىكچۇنىڭ بايقىلىشى، دۇنيادا زىلزىلە پەيدا قىلدى. كىشىلەر بۇ قەدىمىي شەھەرنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرگەندە، نۇرغۇن گۇمانلىق نۇقتىلار بايقالدى. ئالدى بىلەن ئارخېئولوگ ئالىملىرىنىڭ بايقىشىچە، بۇ قەدىمىي شەھەرنى ياساشقا تۈمەنمىڭ پارچە گىرانىت تاش ئىشلىتىلگەن. شۇنداقلا بۇ تاشلار بىرلا تاش كېنىدىن قېزىلغان. بۇ تاش كېنىنىڭ ئورنى ماچۇپىكچۇ بىلەن 600 مېتىر تۆۋەندىكى تاغ جىلغىسى ئىچىگە جايلاشقان. ئەنە شۇ تاشلار ئىچىدە ھەر بىر پارچە تاشنىڭ ئېغىرلىقى ھەرگىز 200 توننىدىن كەم كەلمەيدىغان، غايەت زور سىلىقلانغان يالتىراق تاشلاردىن ئون نەچچىسى بار. ئەينى ۋاقىتتىكى شەھەر قۇرۇلۇشچىلىرى بىلەن ھازىرقى قۇرۇلۇشچىلار پەقەت ئوخشىمايدۇ. ئۇلار ھەرگىزمۇ سېمونت، لاي تۈرىدىكى ياكى يەملەش تۈرىدىكى سۇيۇقلۇقلارنى ئىشلەتمىگەن، ئەكسىچە تاشلارنى ئوخشىمىغان شەكىللەردە كېسىپ پارچىلاپ، ئاندىن ھەرقايسى بۇلۇڭ نۇقتىلىرىنى جىپسىلاشتۇرۇپ، خۇددى ئويۇنچۇقنى قۇراشتۇرغاندەك ئۆزئارا گىرەلەشتۇرۇپ ياساپ چىققان. مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ئىنچىكە تەكشۈرۈش جەريانىدا، 33 قىرلىق غايەت زور تاشنى بايقىغان. بۇ تاشنىڭ ھەر بىر قىرىنىڭ تۇتاشقان جايى تەڭ باراۋەردە ھەم جىپسىلاشتۇرۇلغان. ئەينى ۋاقىتتىكى تاشچىلار ئىنتايىن يۇقىرى ماھارەتلىك بۇ قۇرۇلۇشنى قانداق لايىھەلەپ، شۇنچە تاشلارنى قانداق ئەسۋابلارغا تايىنىپ ياساپ ئىشلەتكەن بولغىيتتى؟ ئەڭ قىيىن ئىش، بۇ غايەت زور تاشلارنى يۆتكەش، ئۆز ۋاقتىدا ئىندىيانلارنىڭ ترانسپورت قورالى بولمىغان، يەنە كېلىپ ماشىنا ئىشلىتىشنىمۇ بىلمەيدىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلار قانداق قىلىپ شۇنچە چوڭ تاشلارنى 600 مېتىر تۆۋەندىكى تاش كېنىدىن تاغ ئۈستىگە ئېلىپ چىققان؟

ئاندىس تاغ تىزمىسىدىكى ئورمانلىقلاردىن پۈتمەس-تۈگىمەس ياغاچ ماتېرىياللارنى ئالغىلى بولىدۇ. بىراق ماچۇپىكچۇلۇق قۇرۇلۇشچىلار تەييار ياغاچ ماتېرىياللىرىنى ئىشلەتمەي، پەقەت قارا كۈچكە تايىنىپلا بۇ غايەت زور تاشلىق قۇرۇلۇشنى پۈتكۈزۈپ چىققان. بۇ يەنە نېمە ئۈچۈن؟ ئەكسىچە ئۇلارنىڭ بىز ئويلاپ يېتەلمەيدىغان، ئاسانلىقچە پارچىلىغىلى ۋە يۆتكىگىلى بولمايدىغان بۇ تاشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان مەلۇم بىر خىل ئالاھىدە ئىقتىدارى بارمۇ قانداق؟

ئەڭ مۇھىم نۇقتا: بۇ قەدىمىي شەھەر نېمە سەۋەبتىن قۇرۇلغان؟ بىكھام باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر: بۇ شەھەر ئىندىيانلار پادىشاھلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پاناھ جايى بولغان، دەپ قارايدۇ. لېكىن يەنە بەزى كىشىلەر: بۇ شەھەر پەقەت بىكھامنىڭ رىۋايەتتىكى ئىندىيانلار پادىشاھلىقىنىڭ پاناھ جايىنى ئىزدەپ يۈرگەن مەزگىلدە بايقىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ قارىغان، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق قانائەتلىنەرلىك پاكىت بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بەرگىنى يوق. ئۇنداقتا، بۇ شەھەر زادى نېمە ئۈچۈن قۇرۇلغان؟

ماچۇپىكچۇغا مۇناسىۋەتلىك تۆت مەسىلە — ئۇنىڭ قاچان قۇرۇلغانلىقى. پىرۇدىكى بىر قىسىم ئارخېئولوگلار قېزىپ چىقىرىلغان ساپال ۋە مېتال بۇيۇملارغا ئاساسلىنىپ تەخمىنەن 15-ئەسىردە قۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. بىراق گېرمانىيەلىك ئالىم لوف. مولوف قاتارلىق كىشىلەر قۇرۇلۇشنىڭ «ياش پەرقى» ھادىسىسىگە ئاساسەن لايىھە بىلەن قۇرۇلۇش تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى مىلادى 4000-يىللاردىن - مىلادى 2000-يىللارنىڭ ئارىلىقىدا سېلىنغان دەپ مۆلچەرلەيدۇ. لېكىن ئىككى خىل كۆز قاراشنىڭ يىل ئايرىمىسىدا چوڭ پەرقنىڭ بارلىقىغا ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمەيدۇ.

ئەڭ ئاخىرقى بىر مەسىلە: كىم ماچۇپىكچۇنىڭ قۇرغۇچىسى؟ ئادەتتە ئۇنى ئىندىيانلار قۇرغان، دېيىلىدۇ. ئەمما بەزىلەرنىڭ كۆز قارىشى باشقىچە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنى: ئۇنداقتا ماچۇپىكچۇ ئەتراپىدا ياشايدىغان ئىندىيانلار بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ قانداق پەيدا بولۇپ، قانداق خارابلاشقانلىقىدىن قىلچە خەۋەرسىز، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

ماچۇپىكچۇ قەدىمىي شەھىرىنىڭ تاش تاملىرى ئۈستىگە نۇرغۇنلىغان بەلگە ۋە تامغىلار ئويۇلغان بولۇپ، تا بۈگۈنگە قەدەر تېخى سىرى ئېچىلمىدى، ئۇ بەلگىلەرنىڭ زادى نېمىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنىمۇ ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇ راستىنلا ئىندىيان پادىشاھلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پاناھگاھىمۇ؟

مېھرىگۈل قادىر تەرجىمىسى

(تەرجىمان: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىدە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مەسەللەر

مۇھەممەت ئىمىن




تېخى ھېلىلا شوخلۇق بىلەن تاقلاپ ئويناۋاتقان توشقان نېمە ئۈچۈنكىن ـ تاڭ، تۇيۇقسىز قاتتىق ئاغرىپ قالدى. ئۇ كېسەل ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، بىردەم بېشىنى قاماللايتتى، بىردەم قورسىقىنى تۇتقىنىچە يەردە دومىلايتتى، تولغىناتتى، ئىڭرايتتى. «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋارقىرايتتى. قولۇم ـ قوشنىلار ــ تىيىن، سۆسەر، مايمۇن، كېيىك، بۇغا ۋە سېغىزخانلار ھەش ـ پەش دېگۈچە يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار توشقاننىڭ ئازابلانغان چىرايىغا قاراپ ئېچىنغان ھالدا قىزغىن مۇزاكىرىگە كىرىشتى.

— قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى تىيىن ئالدىراپ كەتكەنلىكىدىن بىر جايدا تۇرالماي پىتىرلىغىنىچە، — مېنىڭچە، دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپارماقتىن باشقا چارە يوق!

— ناتايىن! — ئېتىراز بىلدۈردى سۆسەر چىرايلىق قۇيرۇقىنى ئوينىتىپ، — شۇنچە كۆپ دوست ـ يارەنلەر تۇرۇقلۇق، بۇنچىلىك كېسەلگە داۋا تاپالماي قالارمىدۇق؟

— راست! — مايمۇن ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى، — كىچىكىمدە ئانام: «زۇكام بولۇپ قالسا باش ئاغرىيدۇ» دېگەندەك قىلىۋېدى، باياتىن توشقاننىڭ بېشىنى قاماللاپ قاقشاۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ جەزمەن زۇكام تەگكەن، قىزىق چاي ئىچىپ بىر تەرلىسىلا ئوڭشىلىپ كېتىدۇ!

— ياق، ئەھۋال ئۇنداق ئەمەستەك قىلىدۇ! — دېدى كېيىك بېشىنى چايقاپ، — قاراپ بېقىڭلارچۇ، ئۇ قورسىقىنى مۇجۇغىنىچە يەردە دومىلاپ يۇرمەمدۇ، چوقۇم ئۈچەي ئالماشقان!

— سوقۇر ئۈچەي بولۇپ قالسىمۇ مۇشۇنداق مۇجۇپ ئاغرىيدۇ! — دېدى بۇغا ئويلانغان ھالدا، — بۇنى داۋالاش ئوڭاي، ئوپېراتسىيە قىلىنىپ سوقۇر ئۈچەي كېسىپ تاشلانسىلا بولغىنى!

— مېنىڭسىگە قۇرت چۈشكەن بولمىسۇن يەنە! — دېدى سېغىزخان تىرنىقى بىلەن بېشىنى تاتىلاپ، — ھەي، ئىسىت، ھازىر بۇ يەردە تومۇر تۇتۇشۇق دوختۇر بولغان بولسا...

— قۇرۇق گەپ! — تىيىن زەردە بىلەن سېغىزخاننىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى، — مېڭە دېگەنگىمۇ قۇرت چۈشەمدىكەن؟! يوق پاراڭنى ئاز قىلىپ، توشقاننى دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىش كېرەك!

— بولمىسا، دوختۇرغا ئاپارساقمۇ ئاپىرايلى! — دېدى مايمۇن تىيىننىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — بىراق قانداق ئاپارساق بولىدىكىن ـ تاڭ؟

— بولدى، مەن ھاپاش قىلىپلا ئاپىراي! — دېدى بۇغا پىداكارلىق بىلەن، — ئۇچقاندەك دوختۇرنىڭ

ئالدىغا ئېلىپ بارىمەن!

— هاپاش قىلسالىڭ يولدا قىينىلىپ ئۆلەمدۇ؟ — دېدى كېيىك گويا ئۇبدان بىر چارە تېپىپ چىقىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتقاندەك ئويچان قىياپەتتە، — ئۇنىڭدىن كۆرە زەمبىلگە سېلىپ، ئىككىمىز كۆتۈرۈپ ئاپارغىنىمىز تۈزۈك!

— قېنى ئۇ زەمبىل؟ — سۆسەر هەيران بولۇپ سورىدى.

— زەلبىلنىڭ توقۇماق تەس ئەمەس، — دېدى سېغىزخان يىراقلارغا كۆز تىكىپ، — مەن باللارنىڭ يۇلغۇن تاللىرىنى كېسىپ زەمبىل توقۇغىنىنى كۆرگەن! ئۇلار كۆزىنى يۇمۇپ - ئاچقىچە...

— سېۋەت بولسىمۇ مەيلىدىغۇ! — مايمۇن ئالدىراپ لوقما سالدى، — ئېرىق - ئۆستەڭ بويىغا قاتار ئۆسكەن مەجنۇن تاللارنى كۆرگەنمىدىڭلار؟ ئۇنىڭ بىلەن شۇنداق چىرايلىق سېۋەتلەرنى توقۇغىلى بولىدۇكى...

قاتتىق چىرقىرىغان ئاۋاز قىزغىن كېتىۋاتقان مۇزاكىرىنى ئۈزۈپ قويدى، هەممەيلەن توشقاننىڭ بېشىغا ئولاشتى. بۇ چاغدا توشقاننىڭ چىرايى تاتىرىپ، لەۋلىرى كۆكىرىپ، چىشلىرى كىرىشىپ، كۆزلىرى ئالىيىپ كەتكەن بولۇپ، بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلاپ قوياتتى.

— تېزرەك بولايلى، بولمىسا كېچىكىمىز! — دېدى تىيىن هەممەيلەننى ئالدىرىتىپ.

كېيىك بىلەن بۆرە توشقاننىڭ ئىككى يېقىدىن كۆتۈرۈپ ماڭماقچى بولۇۋېدى، سۆسەرنىڭ زەردىسى قايناپ كەتتى:

— ۋاي، ئوغلاقمىدى بۇ تارتىشىپ ئوينايدىغان! مۇشۇنداق كۆتۈرۈپ چايقىلى تۇرساڭلار يولۇنىنى ئۈزۈپ قويۇسىلەر!

— ئەمسە مەن قۇچىقىمغا ئېلىپ ماڭاي، — مايمۇن توشقاننى كۆتۈرۈپ مېڭىشقا تەمشىلىۋېدى، سېغىزخان كۈلۈمسىرىگەن ھالدا يېڭى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— قايسى دوختۇرغا ئېلىپ بارىمىز، بۇنى ئوبدان كېڭىشىۋالايلى، بولمىسا پۇشايمان قىلىدىغان ئىش چىقىپ قالىدۇ!

— دۇرۇس، بۇمۇ ئويلاشماي بولمايدىغان مەسىلە! — دېدى كېيىك بېشىنى لىڭشىتىپ، — مېنىڭ بىر ئىنىمۇ دوختۇرنىڭ نائۇستىلىقىدىن ئۆلۈپ كەتكەن!

— جەرەن دوختۇرنىڭ تېخنىكىسى ئۇستۇن، دورا - دەرمەكلىرى كۆپ، — دېدى بۆرە تاغنى شەرەتلەپ، — دەرھال شۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارايلى!

— جەرەن دوختۇرنىڭ قانچىلىك بىلىمى بار ئىدى دەيسەن؟ — دېدى سېغىزخان بۆرىنىڭ پىكرىگە قوشۇلماي، — ئۇنىڭدىن تۆمۈر تۇمشۇق دوختۇر ئوبدان داۋالايدۇ، ئوپېراتسىيە قىلىشمۇ قولىدىن كېلىدۇ!

— هەممە دوختۇرمۇ مۇشۇكئېيىق دوختۇرنىڭ ئالدىدا بىر تىيىن! — دېدى سۆسەر بىلەرمەنلىك بىلەن باشمالتىقىنى چىقىرىپ، — بىر قېتىم مېنىڭ چىشىم شۇنداق قاتتىق ئاغرىپ كەتتىكى، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي ھوڭ - ھوڭ ئېيتىپ يىغلاۋاتسام...

— ها! ها! ها!... — بىردىن كۆتۈرۈلگەن قاتتىق كۈلكە ساداسى سۆسەرنى تەمتىرىتىپ قويدى، ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ بۇرادەرلىرىگە قارىۋېدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كۈلكىدىن ئۆزىنى تۇتالماي يەردە دومىلاۋاتاتتى، بەزىلىرى قورسىقىنى تۇتقىنىچە ئىككى پۈكلىنىپ كۈلۈۋاتاتتى.

— قانچىلىك ئۇستا دوختۇركى دېسەم، — دېدى تىيىن كۆزلىرىدىن ئېقىپ چىققان ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، — ناهايىتى بىر چىشىڭنى تارتىپ قويۇپتىغۇ! ئۇنچىلىك ئىشنى دوختۇر ئەمەس، مەنمۇ قىلالايمەن!

— هەي، ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز، بۆكەن دوختۇرنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق جۇمۇ! — دېدى كېيىك هېچكىمنى مەنسىتمىگەندەك چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — پۈتۈن جاهاننى كېزىپ چىقساڭمۇ ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بەرگۈچىلىك دوختۇر تاپالمايسەن!

— قاراڭلار توشقانغا نېمە بولدى؟ — دېدى مايمۇن هودۇقۇپ، — بىر تېپچەكلەپلا جىم بولۇپ قالدىغۇ!...

ئەجەل ئالدىدا بۇرادەرلىرىنىڭ پىكرىنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا ئامالسىز قالغان بىچارە توشقان جانغا ئەسقاتماس قۇرۇق گەپكە بولغان ئۆچمەنلىكى بىلەن ئاللىقاچان ئۇ ئالەمگە كېتىپ قالغان ئىدى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com






ئۆلە - تىرىلىشگە قارىماي قېچىپ كېلىۋاتقان تېيىن ئىلاجىنىڭ يوقىدىن، ئۆزى سەيلىگە چىققان چىمەنلىككە يېقىنراق يەردىكى يەر بېغىرلاپ ئەگرى - بۈگرى ئۆسكەن غەيرىي بىر قارىغايغا ياماشتى. خەيرىيەت، غولى يەرگە تېگىپ قالغان بولسىمۇ، قاق بەلدىن قەيسەرلىك بىلەن كۆككە قاراپ بوي تارتقان بىر تال قارىغاي شېخى قورقۇنچ ئىچىدە يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغان بىچارە تېيىننى ئاچ كۆزلۈك بىلەن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، جاۋغىيىدىن شۆلگەيلىرىنى غىرىچ ئاققۇزۇپ يۇقىرىغا قاراپ تۇرغان تۈلكە ئاغزىدىن قۇتقۇزۇپ قالدى. ئەمدى بۇ تېيىننى ناشتىلىق قىلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن تۈلكە نەق ئولجىنىڭ چاڭگىلىدىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇۋاتقان ئەگرى قارىغايىنى غەزەپ بىلەن تەپتىدە ئاچلىقتىن كورۇلداۋاتقان قورسىقىنى سىلاپ قويۇپ، بالدۇرراق باشقا بىرەر نەرسە تېپىپ يېيىش مەقسىتىدە شۇمشەيگىنىچە ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ قويۇپ كېتىپ قالدى. تېيىن يېنىك بىر ئۇھ تارتىپ، سىيرىلىپ پەسكە چۈشۈپ، قارىغايىنىڭ ئەگرى غولى ئۈستىدە زوڭزىيىپ ئولتۇردى. مانا ئەمدى ئۇ كۆڭلى ئارامغا چۈشكەن هالدا بۇ غەلىتە قارىغايغا ئىنچىكىلەپ سەپسالدى. بىردىنلا ئۇنىڭ يۈزى پۇشايمان ۋە خىجىللىق ئىلكىدە شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. بۇ نەقەدەر تونۇش قارىغاي - ھە! ھېلىمۇ ئېسىدە: ئۇ تېخى تېينچاق چېغىدا ئانىسىنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي ئەمدىلا بوي تارتىشقا باشلىغان يۇمران قارىغاي كۆچىتىنى ئوقيادەك ئېگىپ ئوينىغانلىرى! «ھەي، ئىسىت!» ئەسلىدە بۇ قارىغاي ئۆزۈمنىڭ كەپسىزلىكى كاشىلامدىن مۇشۇنداق بىچارە هالەتتە ئۆسۈپ قالغان ئىكەندە! ناۋادا هېلىقى تىك شېخى بولمىغان بولسىزە، كۆرگۈلۈكنى كۆرىدىكەنمەن!... » تېيىن شۈركىنىپ كەتتى. ئۇ خىيال يېپىنى ئۈزۈپ، بالا - چاقىسىغا يۇمران كۆچەتلەرنى نابۇت قىلماي، كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش نىيىتىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئۇۋىسىغا قاراپ مەزمۇت قەدەم تاشلاپ يۈرۈپ كەتتى...




پارقىراق قوڭغۇز پانۇسىنى كۆتۈرگىنىچە ئۇۋىسىدىن چىقتى. ئەتراپىنى تۈن قاراڭغۇلۇقى قاپلىغان، ئاي تېخى بالقىمىغانىدى. «ئەمدى ئۆزۈمنى بىر كۆرسەتىدىغان چاغ كەپتۇ - دە!» ئۇ خۇشاللىقنى باسالمىغان هالدا پىلدىرلاپ ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچۇشقا باشلىدى. پانۇسنىڭ غۇۋا نۇرى ئۇنىڭ ۋىجىك جۇغىنى ئارانلا يورۇتۇپ تۇراتتى، پارقىراق قوڭغۇز ئۆزىگە نەزەر سېلىپمۇ قويمىغان كائىناتتىكى جانلىقلارغا قاراپ ئۆكۈندى:

«ھەي نادانلار، ئەگەر مەن ئۈستۈڭلارغا ھايات بەخش نۇرۇمنى تۆكمەيدىغان بولسا، زۇلمەت ئىچىدە نېمە كۈنلەرگە قالاتتىڭلاركىن - تاڭ؟ قىلغان ئىلتىپاتىمغا مەدھىيە ئوقۇمىدى دېگەندىمۇ، ھېچ بولمىغاندا بىرەر - يېرىم ئېغىز تەشەككۈر ئېيتساڭلارمىغۇ كاشكى!» ئۇ ئۇمىدۋارلىق بىلەن يەنە بىر قېتىم تىڭشاپ كۆردى. چېكەتكىلەرنىڭ ئۆز ئادىتى بويىچە بەس - بەستە چىرىلداشلىرى، پاقىلارنىڭ ئاندا - ساندا كورگىراشلىرىدىن باشقا ئۆزى كۈتكەن سادادىن يەنىلا ھېچ ئەسەر يوق ئىدى. پارقىراق قوڭغۇزنىڭ كەيپى ئۇچۇپ، كۆڭلى غەش بولدى. «ھە، راست !» دېدى ئۇ تۇيۇقسىزلا بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك قىن - قىنىغا پاتماي: «نۇرۇمنى

2012.2

چاچماي قويايچۇ قېنى، ئالدىمغا توققۇز تەزىم بىلەن يالۋۇرۇپ كېلىشمىگىنىنى كۆرەي!» ئۇ دوق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، پانۇسنى ئۆچۈردى ـ دە، ئۇۋۇسىغا كىرىپ جىم يېتىۋالدى. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. يىراق يالۋۇرۇپ كەلگۈچىلەرنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. پارقىراق قوڭغۇز غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ ۋارقىرىدى:

ـــ تېخىچە ئايدىن مېھرىڭلارنى ئۈزەلمەي يۈرۈپسىلەردە، مېنىڭ ئالدىمدا ئۇ زادى قانچىلىك نېمىدى؟! بۈگۈن بىر كارامىتىمنى كۆرسىتىپ، شۇنداق پارلاق نۇر چاچايكى، ئاي خىجىللىقتىن بۇلۇت ئارىسىدىن مەڭگۈ چىقماس بولۇپ كەتسۇن!

ئۇ پانۇسنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگەن پېتى ئېگىزدە تۇرۇپ ئالەمنى تەكشى يورۇتماقچى بولۇپ كۆككە ئۆرلىدى. يىراق كۆككە قانچە ئېگىز ئۆرلىگەنسېرى ئۆزىنىڭ جۇغىنىلا يورۇتۇشقا يەتكەن غۇۋا نۇر شۇنچە خىرەلەشتى. شۇ ئەسنادا تولۇن ئاي قاتمۇقات بۇلۇتلار باغرىدىن شوڭغۇپ چىقىپ، كائىناتنى كۈمۈش نۇرغا چۆمدۈردى، بۇنىڭ بىلەن پارقىراق قوڭغۇزنىڭ ئاخىرقى خىرە ـ شىرە نۇرلىرىمۇ خىجىللىقتا چۆمگەن ھالدا ئۆزى بىلەن تەڭ كۆزدىن غايىب بولدى.




ئويۇنغا كېچىكىپ كەلگەن ئېيىقچاق سەھنىنىڭ ئالدىغا بېرىۋالماقچى بولۇپ، مىغىلدىشىپ تۇرغان تاماشىبىنلار ئارىسىغا قىستىلىپ كىرىپ، قايسىدۇ بىرىنىڭ پۇتىغا دەسسىۋالدى، قايسىدۇر بىرىنى گەۋدىسى بىلەن سوقۇپ يىقىتىۋەتتى... ئۇ باشقىلارنىڭ قاقشاشلىرىغا، ئەيىبلەشلىرىگە قارىماي، بالىسنى باغرىغا باسقان پېتى بېرىلىپ ئويۇن كۆرۈۋاتقان مولۇن بىلەن تىيىننىڭ ئوتتۇرىسىغا سىغدىلىپ كىرىپ ئولتۇرۇۋالدى. مولۇن بالىسى قورققىنىدىن چىرقىرىۋەتتى. ئۇزۇن قۇيرۇقى ئېيىقچاقنىڭ ساغرىسى ئاستىدا بېسىلىپ قالغان تىيىن ئاغرىق ئازابىدىن تولغىنىپ كەتتى. ئېيىقچاق يوغان گەۋدىسى بىلەن سەھنىنى توسۇۋالغاچقا ئويۇننى كۆرەلمىگەن كىچىك ھايۋانلار چۇرقىراشقىلى تۇردى. ئويۇن تەرتىپى بۇزۇلدى...

ـــ ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ئۇقمامسەن، بالام؟ ـــ دېدى بىر چەتتە ئولتۇرغان قېرى مايمۇن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ـــ شۇنچىۋالا بويۇڭ بىلەن مۇشۇنداق بولمىغۇر قىلىقلارنى قىلساڭ ئۆزۈڭگە سەت ئەمەسمۇ؟

ـــ سېنىڭ نېمە كارىڭ؟ ـــ دېدى ئېيىقچاق قوپاللىق بىلەن، ـــ نېمە قىلغۇم كەلسە شۇنى قىلىمەن!

ـــ بولدى، باشقا گەپلەرنى كېيىن دېيىشەيلى، ـــ دېدى مايمۇن ئۇنىڭ بېشەملىكىدىن بىزار بولۇپ، ـــ ئاۋۋال كۆپچىلىكنى خاتىرجەم ئويۇن كۆرگىلى قوي!

ـــ تازا گەپ بولدى ـ دە! ـــ دېدى ئېيىقچاق مەسخىرە ئارىلاش، ـــ ئۇلارنى ئويۇن كۆرگىلى قويماي كۆزىنى ئېتىۋاپتىمەنمۇ؟

ـــ ھەممىڭ ئالدىدا پوتەيدەك چوقچىيىپ ئولتۇرۇۋالساڭ، بىزدەك جۇغى كىچىك، بويى پاكارلار قانداق كۆرەلەيمىز؟ ـــ توشقانچاق ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەي غودۇڭشۇپ قويدى.

ـــ بولمىسا مېنىڭ ئورنۇمغا بېرىپ ئولتۇرغىن! ـــ دەپ تەكلىپ قىلدى مايمۇن بىر چەتتىكى ئورۇننى كۆرسىتىپ.

ـــ ماۋۇ ئالجىغان قېرىنى قاراڭ! ـــ دېدى ئېيىقچاق مەنسىتمىگەن ھالدا ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ، ـــ مەن ساڭا ئورنۇڭنى بوشىتىپ بەر دېدىممۇ؟ كۆزۈمگە كىرىۋالغىچە ئۆزۈڭنىڭ ئولتۇرۇشنى ئولتۇرمامسەن! مېنىڭ مەشەدە ئولتۇرغىنىم ئولتۇرغان!

ھەر تەرەپتىن ئېيىقچاقنى ئەيىبلىگەن غەزەپلىك سادالار كۆتۈرۈلدى، غۇلغۇلا باشلاندى.

قەھرى ئۆرلىگەن تايغان ئەدەپسىزنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇش ئۈچۈن چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە ئېيىقچاققا ئېتىلىۋىدى، مايمۇن توساپ قويدى.

www.uyghurkitap.com



ئويۇننى داۋاملاشتۇرۇشقا مۇمكىن بولماي قالدى. ھەممەيلەن كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە تارقىدى. مۇشتلاشتا ئۇتتۇپ چىققان نوچىلاردەك غادىيىۋالغان ئېيىقچاق ھېچكىمگە قاراپمۇ قويماي غىڭشىپ ناخشا ئېيتقىنىچە ھەممىدىن بۇرۇن ئۆز يولىغا راۋان بولدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مايمۇن، مولۇن، تىيىن ۋە توشقانچاقلار بېشىنى چايقىشىپ، پاراڭ سېلىشقىنىچە ئورمانلىققا قاراپ مېڭىشتى.

ئۇلار ئورمان بىلەن ئويۇن قويۇلغان سەينا — ئوتلاقنى ئايرىپ تۇرىدىغان تاغدىن ئېشىپ بولغىچە ھاۋا گۈلدۈرلەپ، شارقىراپ يامغۇر قۇيۇۋەتتى. مايمۇن مولۇننىڭ بالىسىنى قۇچىقىغا ئېلىۋالدى، توشقانچاق قاياقتىندۇر بىر موگۇ كۆنلۈك تېپىپ كەلدى - دە، مولۇنچاقنى يامغۇردا ھۆل بولۇپ كېتىشتىن ساقلىدى. مولۇن تىيىنغا، تىيىن توشقانچاققا، توشقانچاق مايمۇن بىلەن ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى مولۇنچاققا كۆيۈنگەن ھالدا بىر - بىرىنى يۆلىشىپ تاغدىن پەسكە چۈشۈۋاتقاندا تۇيۇقسىز ئالدى تەرەپتىن: «ۋايجان! قۇتقۇزۇڭلار!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ئېيىقچاقنىڭ ئاۋازىمۇ نېمە؟ — دېدى مايمۇن قۇچىقىدىكى مولۇنچاقنى مولۇنغا تۇتقۇزۇۋېتىپ، — مەن ئاۋۋال بېرىپ قاراپ باقاي، سىلەر ئارقامدىن يېتىپ بېرىڭلار!

ئاۋاز چىققان جايغا ئۇچقاندەك يېتىپ بارغان مايمۇن، تېيىلىپ كېتىپ چوڭقۇر جىلغا ئۈستىدە ساڭگىلاپ تۇرغان بىر تاشقا ئېسىلىپ قالغان ئېيىقچاقنى كۆرگەندە، بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. ناۋادا ئېيىقچاق چۈشۈپ كېتىدىغانلا بولسا، كۇكۇم - تالقان بولۇپ كېتەتتى. مايمۇن ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا چاققانلىق بىلەن ئېيىقچاق ئېسىلىپ قالغان تاش ئۈستىگە سىيرىلىپ چۈشتى - دە، قۇيرۇقىنى بىر پۇتاققا چىرمىۋېلىپ، ئۆزىنى ئالغا تاشلاپ ئېيىقچاقنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى. قىل ئۈستىدە قالغان ئېيىقچاققا قايتىدىن جان كىردى، ئۇ ئاخىر مايمۇننىڭ ياردىمىدە تاش ئۈستىگە چىقىۋالدى. ئاڭغىچە مولۇن، تىيىن ۋە توشقانچاقلارمۇ يېتىپ كەلدى - دە، بىر ئۇزۇن يېشىل پىلەكنى تۆۋەنگە تاشلىدى. ئېيىقچاق پىلەككە يامىشىپ، خەتەردىن قۇتۇلدى. مايمۇن: «بىرەر يېرىڭ زەخملەندىمۇ - يوق؟» دەپ كۆيۈمچانلىق بىلەن سورىدى. مولۇن، تىيىن، توشقانچاقلار ئۇنىڭ بىرئاز سۇرۇلۇپ كەتكەن يەرلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاشتى. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن ئېيىقچاقنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆزىنىڭ باياتىنقى قوپاللىق، ئەدەپسىزلىكلىرى يالت قىلىپ ئۆتۈۋېدى، خىجىللىقتىن يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى...




ئەركىن تاپشۇرۇقلىرىنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەپ تۈگەتتى - دە، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. چېكى يوق خىياللار دېڭىزىدا ئۈزۈۋېتىپ ھېرىپ كەتكەنلىكتىنمىكىن، بىر پەستىلا ئۇخلاپ قالدى.

مانا، زۇمرەتتەك سۈپسۈزۈك ئاسمان، مامۇقتەك ئاپپاق بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرۈشىدۇ. ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرغان ئەركىن كۆمۈك لاچىننى غارقىرىتىپ ھەيدەپ كېتىۋاتماقتا. ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغلار، ياپيېشىل ۋادىلار، تولغىنىپ ئېقىۋاتقان دەريالار، ئۇزاقتىن - ئۇزاققا سوزۇلغان ئېدىرلار... پاھ، كۆك قەرىدىن تۆۋەنگە قارىسا يەر يۈزى نەقەدەر گۈزەل كۆرۈنىدۇ - ھە!؟ «ھەي ئىست، مۇئەللىم يېنىمدا بولغان بولسا، كارامىتىمنى بىر كۆرسىتىپ ئۆتكەنىمسەڭ، كەلگۈسىدە كارغا يارىمايدىغان ئادەم بولۇپ قالىسەن، دەپ ئەيىبلەۋەرمىگەن بولاتتى! ھەتتىگىنەي!... ئۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا بېشىنى چايقاپ قويۇپ، پەسلىمەكچى بولۇپ تۇراتتى، يەر يۈزىدىكى قوماندانلىق ئىشتابىدىن بۇيرۇق كەلدى:

— دىققەت، ئالدىڭدا تۇمان بىلەن قاپلانغان بوغدا چوققىسى، دەرھال يەنە 1000 مېتىر يۇقىرى ئۆرلە!

— خوپ! — ئەركىن جاۋاب بېرىۋېتىپ، يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىدى.

— ئەركىن! — ياردەمچى لېيۇتچىك — ئەركىننىڭ

قۇسۇرلىرىنى ھەدېسىلا كوچىلاپ تۇرىدىغان ساۋاقدىشى غەيرەتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — بىزنىڭ تۈگەپ قالاي دېدىغۇ! بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە قانچىلىك بېنزىن كېتىدىغانلىقنى توغرا ھېسابلاپ قاچىلىدىم دېۋىدىڭغۇ، يول يېرىملاشماستا...

ئەركىننىڭ يۈرىكى «جىغغىدە!» قىلىپ كەتتى. خاتا ھېسابلاپ قويغان بولسا ـ ھە! بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق ئىدى...

— ئەمدى قانداق قىلساق بولار غەيرەت؟ — ئەركىن تەمتىرەپ قالدى.

— چوقىدىن ئۆتۈپ بولۇپلا بىرەر تۈزرەك جاينى تېپىپ چۈشۈش كېرەك! — دېدى غەيرەت كەسكىنلىك بىلەن.

ھېلىمۇ ياخشى، غەيرەتنىڭ توغرا ھېسابلىشى بىلەن ئۇلار بىپايان ئورمان ئوتتۇرىسىدىكى بىر چىمەنلىككە ئامان ـ ئېسەن چۈشۈۋالدى.

شۇ ھامان ئايروپىلان ئەتراپىنى سېرىك ئۆمىكىنىڭ مايمۇن، جەرەن، ئېيىق، ئات، ئۆچكە، توشقان، ئىت قاتارلىق ئاتاقلىق ئارتىسلىرى ئورىۋېلىشتى.

— پاھ، ئەركىنغۇ بۇ! — دېدى مايمۇن ئايروپىلان شوتىسىدىن چۈشۈۋاتقان ئەركىنگە قولىنى ئۇزىتىۋېتىپ، — قارشى ئالىمىز! قارشى ئالىمىز!

— بىزگە دەرس ئۆتكىلى كەلدىڭىزغۇ دەيمەن، — دېدى توشقان خۇشاللىقىدىن تاقلاپ تۇرۇپ، — ئۆتكەن قېتىم ئويۇنىمىزنى كۆرگەندىن كېيىن سىزنىڭ: «سېرىك ئۆمىكىدە ئوقۇتقۇچى بولسامۇ قىزىق بولغۇدەك...» دېگەن گېپىڭىزنى ئاڭلاپ قالغانتىم!...

— ھا! ھا! ھا!... — ئىت قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى، — ھېسابتا ئۆردەك تۇخۇمدەك نۆل ئېلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئۇنداق ئوقۇتقۇچىدىن تەلىم ئېلىپ، ئىككىگە ئىككىنى قوشسا بەش بولىدۇ، دەپ ھېسابلاپ بەرگىلى تۇرساق، تاماشىبىنلارنىڭ كۈلكىسىگە قالمايمىزمۇ؟!

— راست، ئۆزى پىششىق بىلمىگەننى بىزگە قانداق ئۆگىتىدۇ؟! — دېدى ئېيىق ئىتنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — ئۇنىڭدىن كۆرە، بىزگە غەيرەتنىڭ دەرس ئۆتكىنى تۈزۈك!...

ئەركىن ئۆلگۈدەك ئىزا تارتىپ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي بەدەر تىكىۋەتتى، شالپەردەك قىزىرىپ كەتكەن يۈزى چىمىلداپ كەتتى. قاچا ـ قاچا، ئاخىر قۇش ـ قاناتلار بەس ـ بەستە نەغمە ـ ناۋا قىلىۋاتقان بىر يەرگە كەلگەندە، ئىختىيارسىز توختاپ قالدى.

— بەللى، شائىر بولۇشقا بەل باغلىغان ئەركىن كەپقاپتۇ، قارشى ئالايلى! — دېدى كاككۇك چاۋاك چېلىۋېتىپ، — بىزگە بىر شېئىر يېزىپ بەرسىڭىزچۇ، زوق ـ شوقىمىز بىلەن دېكلاماتسىيە قىلىۋەتسەك!

توغرا، ئەركىن ئۆتكەندە بىر شائىرنىڭ دېكلاماتسىيە قىلىپ گۈلدۈراس ئالقىشقا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرۈپ شۇ ئويغا كەلگەن ئەمەسمىدى! بىراق، تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىنىڭ تەسلىكىنى دېسىڭىزغۇ شۇ...

— تالانتلىق ياش شائىرىمىز، — دېدى ھۆپۆپ ئەركىننىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ، — بىر شېئىر يازغانتىم، قاداقراق چىقتىكىن، ئاڭلاپ باقسىڭىز!

ھۆپۆپ قەددىنى رۇسلاپ، ھاياجان ئىچىدە دېكلاماتسىيە قىلىشقا باشلىدى:

ئېخ!
ئېخ!!
ئېخ!!!
.......
قۇملۇقتىكى شوخ بېلىق،
دېڭىزدىكى نار تۆگە...
كۆكتە ئۈزار ئاق پاختا،
يەردە بۇلۇت بىر دۆۋە...

— شۇمۇ شېئىر بولدىمۇ؟! دېدى ئەركىن پوكاندەك ئېسىلىپ، — مەنتىقىلىق بولۇش — شېئىرغا قويۇلىدىغان ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم، شۇنىمۇ بىلمەي تۇرۇپ شېئىر يازىمەن دېگىنىنى كۆرۈڭ؟!

نېمىشقا شېئىر بولمايدىكەن! — دېدى ھۆپۆپ تاكاللىشىپ، — ئۆزىڭىز:

«تىراكتورلار سايرايدۇ،
ئورماندىكى تېرەكتە.
ئالما، ئانار ئوخشايدۇ،
باراڭدىكى پىلەكتە...»

دەپ يازسىڭىز شېئىر بولىدىكەنۇ، مېنىڭ بۇ...

ئەركىن خىجىل بولغىنىدىن يەرگە كىرىپ كېتەي دېسە تۆشۈك، ئاسمانغا چىقىپ كېتەي دېسە شوتا تاپالماي قۇلىقىنى چىڭ ئەتتى ـ دە، قۇيرۇقىنى خادا قىلىۋەتتى. ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلگەن قاتتىق كۈلكە ساداسى خېلى يىراقىچە قۇلىقى تۈۋىدە گۈلدۈرمامىدەك ياڭراپ تۇردى.

ئۇ ھېرىپ مادارى قالماي، ئۆزىنى چىمەنلىككە تاشلىدى. بىر ھازادىن كېيىن ھوشىنى تېپىپ، خىيالغا چۆكتى...

— بولدى، بىئارام بولۇۋەرمە! — چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرگەن ئەركىن، ئالدىدا قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ تۇرغان تۈلكىنى كۆردى، — خىجىل بولۇپ كەتكۈچىلىك نېمىسى بار؟ — دېدى تۈلكە ھىجايغان پېتى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سەن مېڭەڭ ئىشلىتىشنى خالىمايسەن، ئويۇنغا ئامراق، دەرەخكە يامىشىپ، تامدىن ئارتىلىپ ئويغىنىڭ ـ ئوينىغان، بۇ مېنىڭچە ئارتۇقچىلىق! باشقىلار سېنى ئۇستاز تۇتقۇسى كەلمىگەن بولسا مەن تۇتاي، «ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ» دېگەندەك...

— مەن ساڭا نېمە ئۆگىتىمەن؟

— توخۇ ئوغرىلاشنى!

مانا، ئوچۇق ھاۋادا چېقىلغان چاقماق! ئەركىننىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، بېشى پىرقىراپ ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا گويا شۇ تاپتا ئاسمان ـ زېمىن ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ـ تاڭ، ئاران تەستە ھوشىنى يىغىپ، ئەتراپقا قاراپ، يېنىدا توخۇ شورپىسى قايىنىتىپ ئولتۇرغان تۈلكىنى كۆردى.

— مانا مۇشۇنداق، ئىشىمىز ئانچە مۇرەككەپ ئەمەس، — دېدى تۈلكە قاش ـ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — بۇنىڭغا كۆپ مېڭە ئىشلىتىش ھاجەتسىز. كاتەككە بارسەندە، توخۇنىڭ گېلىدىن غىققىدە بوغسەن، ئەپكېلىپ مەززىلىك شورپا پىشۇرۇپ، ھۇزۇرلىنىپ مەززە قىلسەن. قىسقىسى، يەپ ـ ئىچىش، ئويناش ـ كۈلۈشنى بىلسەڭلا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىش تامام ـ ۋەسسالام! بۇ خىزمەت دىتىڭغا جەزمەن ياقىدۇ!...

ئەركىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنىنى چاچرىتىپ، مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگكىنىچە تۈلكىگە تاشلىنىۋېدى، قازانغا پۇتلىشىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشتى. پۇرۇقلاپ قايناۋاتقان قىزىق شورپا ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆرۈلدى، ئۇ ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، دەھشەتلىك چىرقىرىۋەتتى ـ دە ئويغىنىپ كەتتى...

ئەركىن قارا تەرگە چۆمۈلگەن ئەزايىنى سۈرتكەچ باياتىن كۆرگەن چۈشىنى بىر ـ بىرلەپ ئەسلەپ چىقتى. ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقىنىغا، مۇئەللىمىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، بەڭباشلىق قىلىپ ياخشى ئوقۇمىغىنىغا، غەيرەت قاتارلىق ساۋاقداشلىرىنىڭ بەرگەن سەممىي ياردىمىنى قوبۇل قىلماي، ئەكسىچە ئۇلاردىن بىھۇدە ئاغرىنىپ يۈرگىنىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى. «بۇنىڭدىن كېيىن جەزمەن تىرىشىپ ئوقۇپ، ئەلاچىلارغا يېتىشىۋالىمەن!» دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلىدە.

**ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!**

سىزنىڭ قوللىشىڭىز بىلەن ژۇرنىلىمىز مۇشۇ كۈنگە كەلدى. شۇنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سەمىڭىزگە سالىمىزكى 2010 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ژۇرنىلىمىزنى كىتابخانىلارغا سېلىشنى توختاتتۇق. شۇڭا پەقەت مۇشتەرىلىرىمىزلا ژۇرنىلىمىزدىن ھۇزۇرلىنىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ. مۇبادا سىز بىزنىڭ سادىق ئوقۇرمىنىمىز بولسىڭىز مۇشۇ گەپنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىزغا، ئاغىنە ـ بۇرادەرلىرىڭىزگە، خىزمەتداشلىرىڭىزغا، يېقىن ـ يورۇقلىرىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىمىز كامىل.



# گۇمان

قىزىلگۈللۈك پىيالىڭىز،
خويمۇ ئوبدان چىرايىڭىز.
بەش كۈن بولدى كەلمەيسىز،
ئەمدى نېمە خىيالىڭىز؟

چاينى ئىچتىم جوزىدا،
تولدۇرۇپ پىيالىدا.
سوراپ بېقىڭ يارىمدىن،
كىم باردۇر خىيالىدا؟

يارىم كىيگەن ئاياغنىڭ،
ئېگىز ئىكەن پاشنىسى.
باشقا يەردە بارمىدۇ،
مەندىن بۆلەك ئاشنىسى؟

گۈلمىدى-غۇنچەمىدى،
يارىم سېنىڭ باشىڭدىكى؟
كېچىدە تونالمىدىم،
كىملەر ئىدى قاشىڭدىكى؟

تەنگايىم، شىگايا
شىگايىم — تەنگا.
كېۋەز شاخى ئىرغاڭلايدۇ.
يارىنىڭ قاشىدا كىم بار؟

لۈكچۈندىن چىقىپ كەلدى،
ئامرىقىم تورۇق ئاتلىق.
مېنى تاشلاپ كېتەرمۇ،
چولپان كۆز، سۆزى تاتلىق؟

خوپ ياسىنىپ چىقىپسەن،
تار كوچاڭغا ماڭدىڭمۇ.
ئەجەب بويۇن تولغايسەن،
ئۆز ۋەدەڭدىن ياندىڭمۇ.

بېغىڭدىكى ئالماڭنى،
سۇ قويماي قۇرۇتتۇڭمۇ؟
مەن سېنى ئۇنتۇمىدىم،
سەن مېنى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟

ئاتنىڭ ئاتلىقى بارمۇ؟
ناۋاتنىڭ ئاچچىقى بارمۇ؟
سەن مېنى ياراتمايسەن،
مېنىڭدىن تاتلىقى بارمۇ؟

يارىم گۈل سۇندى ماڭا،
ئېگىز دالان بېشىدا.
قىچقارسام ھېچ چىقمايدۇ،
بىر كىم بارمۇ قېشىدا؟

يارىم ماڭا گۈل بېرىدۇ،
باغدا تۇرۇپ قول ئۇچىدا.
مەن يارىمنى كۆرۈپ قالدىم،
غەيرى بىلەن تۆت كوچىدا.

بىزنىڭ يارىنىڭ تۈگمىنى،
چۆرگىلىدۇ سۇ بىلەن.
مېنىڭ يارىم سەن بىلەن،
سەن يۈرۈيسەن كىم بىلەن؟

www.uyghurkitap.com



چىنار باغنىڭ دەرىخى،
تال بولامدۇ، بولمامدۇ ؟!
باغرى قاتتىق تاش يۈرەك،
يار بولامدۇ، بولمامدۇ ؟!

ئېگىز تاغقا چىقماڭلار،
ئېگىز تاغدا تۇمان بار.
بىزنىڭ يارلار تۇراقسىز،
كۆڭلۈمدە چوڭ گۇمان بار.

ھاۋانى تۇمان باستى،
ئاينى كۆرگىلى بولماس.
كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى،
يارنى سۆيگىلى بولماس.

ئېتىم سايغا ماڭمايدۇ،
تاقىسى يوقمىكىن؟
قىچقارسام يار ماڭمايدۇ،
كۆڭلى يوقمىكىن؟

قارلىق تاغقا قار يېغىپتۇ،
بوستاندا تۇمان.
يۈرىكىمدە ئوت كۆيەدۇر،
كۆڭلۈمدە گۇمان.

ئارپا، بۇغداي سامانىنى،
شامال ئايرىيدۇ.
ياخشى كۆرگەن يارىڭنى،
گۇمان ئايرىيدۇ.

كالام چىقتى ئېغىلدىن،
يۇگۇرۇپ ماڭدى ئېرىققا.
نىمە دەپ كۆيۈپ قالدىممەن،
سەيدەم دېگەن سىرىققا؟!

كىرىت كۆكۈنى يېمەيمەن،
كۆك دېگۈدەك تەمى يوق.
ئايجامالنى يار تۇتسام،
چىرايى بار، پەمى يوق.

ئېلىدىن تاران چىقتى،
تاراندىن پاراڭ چىقتى.
ئوردا مەھەللىدىن ئۆيلەنسەم،
ئەقلى يوق ساراڭ چىقتى.

خېلى قاراپ كۆرەلمىدىم،
يارىم سىنىڭ بويۇڭنى.
بۇرۇنلاردا بىلمەپتىمەن،
ئەمدى بىلدىم خۇيۇڭنى.

پوتىسى بولغان بىلەن،
ئەسلىي ئۈنىڭ بېلى بوش.
بەرگەن بىلەن مەيلىنى،
يۈرگىلى بولماس كۆڭۈل خوش.

سايلىرىغۇ - سايلىرى،
سەنجا پارنىڭ سايلىرى.
كۆن چىقىپ ئاشۋاقتى بولدى،
قاينىماپتۇ چايلىرى.

لەڭمىنىڭنى يېمەيمەن،
سامساق بىلەن لازاڭ يوق.
ئۆمدىنى ئۈزمەي دېسەم،
بۇرۇنقىدەك ياڭزاڭ يوق.

ئاق بىلەكلىك ئاقمىدى،
قولۇڭدىكى قاقمىدى.
يېڭى ياچە يار تۇتسام،
مىجەزىمگە ياقمىدى.

مەن پىچاندىن ئايرىلىپ،
بېرىپ قوندۇم تۇرپانغا.
يار كۆڭلىنى بېرەمدۇ،
ھجىپىلا قونغانغا.

ئاي چىقاندا ئويغىنىپ،
چۈجە خوراز چىللىدى.
ئونبەش ياشلىق يار تۇتسام،
سۆيمەي تۇرۇپ كۆنلىدى.

ئاي ئىكەن، ئايدەك ئىكەن،
ئايدەك گۈزەل يار ئىكەن.
بىر ئۆمۈر ئۆتەي دېسەم،
كۆڭلى-كۆكسى تار ئىكەن.

تاغ كەينىدىن كەلگەنلەر،
تۇرپاننى ئىسسىق دەيدۇ.
بىزنىڭ يارنى ئاڭلىسام،
ئەجەبمۇ پىخسىق دەيدۇ.

يارىمنىڭ مىنگەن ئېتى،
كۆردۈرمىگەن تاي ئىكەن.
ئادەممىكىن دەپ يۈرسەم،
قۇرۇق سۆلەت باي ئىكەن.

ھاۋادا لەپ - لەپ قىلىپ،
بىر جۈپ ئاپپاق غاز كەلدى.
يارغا شۇنچە قىلغىنىم،
جىق بولسىمۇ ئاز كەلدى.

«تۇرپان خەلق قوشاقلىرى» توپلىمىدىن تەييارلاندى



# سودا ئېقىمىغا بىر نەزەر

غالىب مۇھەممەد قارلۇق

سودا- سېتىق ۋە تىجارەت ئىنسانلار ئارىسىدا ئۇزاق
تارىخقا ئىگە. «ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى تۇنجى قېتىملىق
زور ئىش تەقسىماتى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر باشقا
قەبىلىلەردىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن، كۆچمەن چارۋى-
چى قەبىلىلەر ئىشلەپچىقارغان تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى، مەس-
لەن، كالا سۈتى، سۈتتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر، گۆش
ۋە باشقىلار سان جەھەتتىن باشقا قەبىلىلەرنىڭكىگە قارى-
غاندا جىق بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلاردا يەنە
هايۋان تېرىلىرى، قوي يۇڭى، تىۋىت ۋە ئۇنىڭدىن ئىش-
لەنگەن توقۇلما بۇيۇم قاتارلىق يىپكى مەھسۇلاتلارنىڭ
سان ۋە تۈر جەھەتتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا زور دەرى-
جىدە كۆپىيىشى نەتىجىسىدە ئىلگىرى پەقەت ئاشۇ قەبىلى-
نىڭ ئىچكى قىسمىدا بولۇپ كەلگەن تاسادىپىي ئالماشتۇ-
رۇش ھەمدە ئۇرۇق ئاقساقاللىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىل-
غان قەبىلە بىلەن قەبىلە ئوتتۇرىسىدىكى تېخىمۇ تاسادىپىي
ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى تەرەققىي قىلىپ، تۇنجى قېتىم دا-
ئىملىق ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتى يارىتىلدى. شۇنىڭدەك
ئوخشاش بولمىغان قەبىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا ئالماشتۇ-
رۇشنى يولغا قويۇش ھەمدە ئۇنى دائىملىق تۈزۈم سۈپى-
تىدە راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەشنىڭ ھەممە شارا-
ئىتلىرى ھازىرلاندى» ①. ئېنگېلىسنىڭ بۇ گېپىدىن سودا-
سېتىق ئىشلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپ كۆچمەن چارۋىچى قەبى-
لىلەر (مىللەتلەر) تەرىپىدىن پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا
بولىدۇ. ئۇيغۇرلار تېرىم ئىگىلىكىگە قەدەم قويۇشتىن ئىل-
گىرى خېلى بىر مەزگىل كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇ-
غۇللانغانىدى. بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭمۇ سودا- سېتىق
ئىشلىرى بىلەن خېلى بۇرۇنلا مەشغۇللانغانلىقى ئايان بو-
لىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇنياۋى سودا- ئالاقە يولى بولغان
قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئۇيغۇرلار ياشايدىغان غەربىي
يۇرت — شىنجاڭنى كېسىپ ئۆتۈشى، شۇنداقلا شىنجاڭ-
نىڭ بۇ يولدىكى مۇھىم تۈگۈنگە ئايلىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ
چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن قېپقالغان سودىغا ماھىر گېنىنى
جۇلالاندۇرۇپ، ئۇلارنى مۇشۇ يولدىكى، جۈملىدىن ئوت-
تۇرا ئاسىيادىكى سودىغا ئەڭ ماھىر تىجارەتچىلەرگە ئاي-

لاندۇرغان. پىروفېسسور غەيرەتجان ئوسمان ئەپەندىم بۇ
ھەقتە شۇنداق دەپ يازىدۇ: «شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ (ئۇيد-
غۇرلارنىڭ) دۇنيا بويىچە ئات، ئۆكۈز، تۆگە، ئېشەك ۋە
ھارۋىلاردىن تەركىب تاپقان كاتتا سودا كارۋانلىرى بار
ئىدى. بۇ كارۋانلار سۈلۈك سۇلالىسى، قىتان-لياۋ خانلىقى
ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا بېرىپ سودا-سېتىق قىلغان.
ئۇلار غەربتىكى ئىسلام دۇنياسىدا ‹ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم›
دېگەن ھەممىگە ئورتاق سۆزنى قوللىنىپ، سودا ئىشلىرد-
نى تەرجىمانسىز راۋان بېجىرگەن. ئۇيغۇر كارۋانلىرى
باردى-كەلدى قىلىش ۋە ھەج قىلىش يۇرتىدىن پايدى-
لىنىپ، غەربتىكى دۆلەت، رايونلاردا پائالىيەت دائىرىسىنى
كېڭەيتكەن» ②. ئۇيغۇرلارنىڭ سودىغا ماھىرلىقى ھەققى-
دە يازغۇچى ھاجى قۇتلۇق قادىرى ئەپەندىمۇ «ھەج سە-
پىرىدىكى پارچىلار» ناملىق ئەدەبىي خاتىرىسىدە مۇنداق
دەپ يازغان: «مەن بۇ راباتلارنىڭ ئالدىدىكى كەچلىك
بازاردا شىنجاڭدىن ھەج تاۋاپقا كەلگەن ياشانغان ئۇيغۇر-
لارنىڭ بىرەر ئېغىز ئىنگلىزچە ياكى ئەرەبچە بىلمىسىمۇ،
ئىما-ئىشارەتلەر بىلەن دۆۋە-دۆۋە ماللارنى سېتىۋاتقانلى-
قىنى كۆرۈپ ئىچىمدە ئۇلاردىن پەخىرلەندىم. يالغۇز
مەنلا ئەمەس، باشقا ئەللەردىن كەلگەن ھەج تاۋاپ قىلغۇ-
چىلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق سودا ماھارىتىگە ھەيران
قېلىشىپ، بىر-بىرىگە: ‹خۇدا ساقلىسۇن، بۇلار ئەگەر
ئىنگلىزچە، ئەرەبچە تىللارنى مۇكەممەل بىلىدىغان بولسا،
دۇنيانىڭ سودىسىنى مونوپول قىلىپ، باشقا سودىگەرلەرگە
كۈن بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ› دېيىشكەنلىرىنى ئاڭلىدىم.
تېخى بىر ئىسپانىيەلىك ماڭا: ‹تارىخىي كىتابلاردىكى ئات
تۇياقلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى تىترەتكەن مىللەت
دېگەن سۆزگە مانا ئەمدى ئىشەندىم. ئۇيغۇرلار ھەقىقە-
تەنمۇ سودىغا يامان مىللەت ئىكەن. يىگىت، مىللىتىڭىزدىن
پەخىرلىنىڭ› دېدى قايىللىق بىلەن»③. دېمەك، ئۇيغۇر-
لارنىڭ سودىغا ماھىرلىقى، سودا-تىجارەتتىكى پاراسەتلىك-
لىكى ھەم قورقۇمسىزلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. شۇڭا تارىختا
ئۇيغۇرلار «يىپەك يولىنىڭ يەھۇدىيلىرى» دەپ نام
ئالغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئېڭىدىكى جانلىقلىق زادى
نەدىن كەلدى؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىز تاشقى ئامىل نۇقتى-
سىدىن ئۇيغۇرلار ياشىغان جۇغراپىيەلىك مۇھىتنىڭ كۆر-
سەتكەن تەسىرىدىن ئايرىپ قارىيالمىساقمۇ، ھەل قىلغۇچ
خاراكتېرگە ئىچكى ئامىل يەنى تەربىيە ئەمەلىيىتىدىكى
ئىرسىيەت خاراكتېرلىك يارقىنلىقلاردىن ئىزدەيمىز. «تا-
رىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇيغۇرلارنىڭ بالىلىرىغا
سودا تەربىيەسى بېرىشىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن
بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ‹تاڭ سۇلالى-
سىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر›دە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك
تەركىبىنى شەكىللەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان قەدى-
مىي مىللەت سوغدىلارنىڭ ئۆز بالىلىرىنىڭ ئاغزىغا ۋە ئا-
لىقىنىغا ھەسەل سۈركەپ، سودىدا شېرىن-سۇخەن
بولسۇن، ئالدى-ساتتىدا قولىغا پۇل چاپلىشىپ قالسۇن
(پايدا ئالسۇن) دەيدىغان ئىرىمى بارلىقى، بالا 20 ياشقا
كىرگەندە ئۇلارنى كارۋانغا قوشۇپ يىراق سەپەرلىك سو-
دىغا ئۆگىتىدىغان ئادىتى بارلىقى يېزىلغان. ئۇقۇشمىزچە
بۇ خىل قەدىمىي ئادەت ھازىرمۇ ئاتۇش، قەشقەر قاتار-
لىق جايلاردا ئىزچىللىقىنى ساقلاپ كېلىۋېتىپتۇ»④. يەنە
شۇ تارىخىي ئۇچۇرلاردىن مەلۇمكى، «سوغدىلار تىجا-
رەتچىلىككە بەكمۇ ماھىر بولغان. ئۇلار باللارغا بەش يې-
شىدىن تارتىپلا خەت ۋە ھېساب ئۆگەتكەن. خەت ساۋاتى
چىقىشى بىلەنلا ئۇلار بالىلىرىنى سودىگەرچىلىككە كىرىش-
تۈرۈپ پايدا ئېلىشقا ئۆگەتكەن. سوغدىلارنىڭ نەزەرىدە
پايدا ئەڭ قەدىرلىك نەرسە ھېسابلانغان، شۇڭا ئۇلار
يېڭى تۇغۇلغان بالىنىڭ قولىغا ‹پايدا ساڭا ئۆمۈرلۈك
ھەمراھ بولسۇن› دەپ تۇمار باغلاپ قويىدىغان ئادىتى
بولغان»⑤. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئائىلە ۋە جامائەت
ئەخلاقى تەربىيەسىدىكى پاك-ھالال ياشاش، ھارامدىن
يىراق تۇرۇش، لەۋزىدە تۇرۇش، سەممىي بولۇش، ئىرا-
دىلىك بولۇش، ئاچ كۆزلۈك قىلماسلىق، ئىنساب-ديانەت-
لىك بولۇش... قاتارلىقلار ئۇيغۇرلار سودا ئەخلاقىنىڭ ئا-
ساسىي مەزمۇنى قىلىنغان، شۇنداقلا سودا-تىجارەت جەر-
يانىدا ئالغان پايدىسىدىن مەلۇم ئۈلۈشنى خەير-ساخا-
ۋەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىشنى سودا-تىجارەتتە تېخى-
مۇ بەرىكەت تېپىشنىڭ ئاساسى دەپ قارىغان. پۇل تاپقان-
دا كۆرەڭلەپ كەتمەسلىكنى، تۇرمۇشتا ئاددىي-ساددا ۋە
تېجەشلىك بولۇشنى، كەيپ-ساپاغا، ئىچىملىك-چېكىملىك-
كە ھەم تۈرلۈك پەسكەشلىك-بۇزۇقچىلىقلارغا بېرىلمەس-
لىكنى سودا نىزامى قىلغان. ئادەتتە ئۇيغۇرلار سودا-تىجا-
رەتنى ھالال تىرىكچىلىك يولى دەپ قارىغاچقا، تىجارەتنى
چوڭ-كىچىك دەپ ئايرىماي قۇربى قايسىسىغا يەتسە

شۇنى قىلىۋېرىدۇ؛ جاپا تارتىشتىن ۋە زىيان تارتىشتىن
قورقۇپ كەتمەيدۇ، بىر كېچىدىلا باي بولۇپ كېتىش
شېرىن خىياللىرىغا بېرىلمەيدۇ؛ كۆز بىلەن كۆزىتىش ۋە
ھېسابلاشقا، پايدا ـ زىياننى دەڭسەشكە بەك ماھىر؛ «كۆپ
پايدىنى دەپ ساقلىغاندىن كۆرە، ئاز پايدا ئالسىمۇ
پۇلنى كۆپرەك دومىلاتقىنىم ئەلا» دەپ قارىغاچقا، مال
ئوبوروتى تېزلىتىشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ؛ ئېلىم ـ
بېرىمدا ئادىل، ھارامدىن قاچىدۇ؛ لەۋزىدە تۇرۇپ، ۋە ـ
دىسىگە ۋاپا قىلىدۇ، شېرىكلىرىنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىل ـ
مايدۇ، «خەقنىڭ ھەققىنى يەۋالسام، ئۆزۈمنىڭ نەچچە
ھەسسە ھەققىم توزۇپ كېتىدۇ» دەيدىغان ئەقىدىگە بەك
ئىخلاس قىلىدۇ؛ يېڭىلىقنى ئاسان قوبۇل قىلىدۇ، يېڭى
شەيئىلەرگە ئىنتىلىدۇ، مۇشۇ سەۋەبلىكمىكىن، ئەتىدىن ـ
كەچكىچە بىرلا خىل تىجارەتكە ئېسىلىۋالمايدۇ، ئامال بار
ئۇنى ـ بۇنى قىلىپ باققۇسى كېلىدۇ؛ شۇڭا يۇرت كېزىپ،
جاھان كېزىپ، بازار ئارىلاپ تىجارەت يۈرگۈزۈشتۈرۈشكە
ئۇستا. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئوچۇق ـ يورۇق، ئاسان
چىقىشىپ كېتەلەيدۇ، تاكتىكىلىق، ئۆز ئىشىغا پۇختا. خەل ـ
قىمىز مانا مۇشۇنداق سودا ئەخلاقى ۋە سودا دەستۇرىغا،
شۇنداقلا مۇشۇلارنى مەزمۇن قىلغان سودا ـ تىجارەت ئەن ـ
ئەنىسىگە ئىگە بولغاچقا، خەلقىمىزنىڭ سودىغا ماھىرلىقى
شەكىللەنگەن، سودا ئېڭىدىكى جانلىقلىق ۋۇجۇدقا
كەلگەن، تارىختا سودا ـ تىجارەتتە شانلىق ئىزلارنى قال ـ
دۇرغان.

كېيىنكى مەزگىللەردە «يىپەك يولى»نىڭ خارابلىشى ـ
شى، بېكىنمىچىلىك ۋە نادانلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشى، جۇملى ـ
دىن بۆلۈنمىچىلىك ۋە ئىتتىپاقسىزلىق كۈچىيىپ، سوپى ـ
ئىشانچىلىق يامراپ، تۈرلۈك سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي دا ـ
ۋالغۇشلار كۆپلەپ يۈز بېرىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلاردى ـ
كى سودا ـ تىجارەت قىزغىنلىقى زور دەرىجىدە سۇسلاپ
كەتتىيۇ، ئەمما يوقاپ كەتمىدى. كارۋانلارنىڭ كولدۇرما
ئاۋازلىرى ئېلگىرىكى سەلتەنىتىنى يوقاتتى. يېڭى دېڭىز
يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن قۇرۇقلۇق سودا يولىنىڭ مو ـ
نوپوللۇق دەۋرى ئاخىرلىشىپ، سۇ يولى سودا ـ ئالاقىدى ـ
كى كوزىر نۇقتىغا ئايلاندى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە تارىم
ئويمانلىقى مەلۇم مەزگىللىك غېرىبلىق پاتقىقىغا پاتتى،
شۇنداق بولسىمۇ ئەجدادلاردىكى سودا گېنىنىڭ ھاياتىي
كۈچىنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە ئاشۇنداق «دىمىق» مۇ ـ
ھىتتىمۇ مۇساپايېفلار جەمەتى ۋە مۇھىتلار جەمەتىگە
ئوخشاش يول ئاچقۇچى ئەزىمەتلەر بارلىققا كەلدى ۋە
ئىلھامبەخش ئىزنالىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. شىنجاڭ تىنچ
يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن سوتسىيالىستىك ئومۇ ـ
مىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ ئومۇ ـ
مىي مۇلۇكچىلىك خاراكتېرىدىكى سودا ـ تىجارەت ئاساسىي
ئېقىمغا ئايلىنىپ، يەككە ئىگىلىككە يول بەرمىدى.
پىلانلىق ئىگىلىك ئىچىدە ئۇيغۇر سودىسى ئۆزىنى كۆرسى ـ
تەلمىدى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن
كېيىن كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ ئاستا ـ ئاستا خۇسۇسىي ئىگى ـ
لىككە ئورۇن بوشىتىشى، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئې ـ
چىۋېتىش شامىلىنىڭ خۇش پۇراق ئېلىپ كېلىشى بىلەن
ئۇيغۇرلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇنۇپ ياتقان سودا
گېنى بۇ «ساپ ھاۋا»دىن ئۆزگىچە ئىلھاملىنىپ، ئادەمنى
ھەيران قالدۇرىدىغان جانلىنىش ۋەزىيىتىگە ئۆتتى.
«1983 ـ يىلىغا قەدەر جۇڭگو تۇپرىقىدا تېخى سودا دول ـ
قۇنى كۆتۈرۈلمىگەن چاغدا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ سودا ـ
تىجارەتكە بولغان ئالاھىدە سەزگۈرلۈكىگە تايىنىپ،
ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، بېيجىڭ ـ
لارغا يۈرۈش قىلدى ـ دە، جۇڭگو بويىچە دېڭىز ياقىسى
سودىسىنىڭ ئاۋانگارتلىرى بولۇپ قالدى. گۇاڭدۇڭنىڭ
لوسا شەھىرىدىكى دېڭىز ياقىسى سودىسىنى مونوپول
قىلىپ، گۇاڭجۇ، بېيجىڭ، شاڭخەيلىكلەر بىلەن سودا
قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا جۇڭگونىڭ قايسى چوڭ شەھەرلى ـ
رىدە قايسى خىل مال بازار تاپسا شۇ يەرگە بېرىپ سودا
قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار ھەر قايسى شەھەرلەردە
پۇل تىجارىتىنى باشلىدى. ئۇلار قول ئىشارىتى ۋە تىجا ـ
رەت جەريانىدا ئۆگىنىۋالغان بىر نەچچە ئېغىز قولاشمىغان
ئىنگلىز تىلى بىلەن چەت ئەللىكلەردىن: «سىزدە ئامېرىكا
دوللىرى بارمۇ ؟» دېگەنىدەك سوراپ يۈرۈپ تىجارەت
قىلىپ، ناھايىتى تېز ئارىدىلا گۇاڭجۇ چەت ئەل پۇلى با ـ
زىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئىگىلىدى. بېيجىڭلىقلار ئۇ
چاغدا تېخى ئۇيقۇدا ئىدى. ئۇلار ئېسىنى بىلىپ ئۇيقۇدىن
ئويغانغاندا، پۇل ئېلىپ سېتىشنىڭ بۇ ئاۋانگارتلىرى ئاللى ـ
قاچان باشقا بازارلارغا يۈرۈش قىلىشنى باشلىۋەتتى.
خۇاڭ يى ئەپەندى ئېيتقاندەك: ‹شۈبھىسىزكى، ئۇيغۇرلار
پۇل ئېلىپ سېتىشنىڭ ئىشىكىنى تۇنجى بولۇپ ئاچتى ھەم
ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى ئويغاتتى›»⑥. بۇ بايانىدىن كۆرۈ ـ

ۋېلىشقا بولىدۇكى، «بازار چاققانلىق» دېگەندەك ئۇيې-
غۇرلارنىڭ سودا-تىجارەتكە چېچەنلىكى، چاققانلىقى، پارا-
سەتلىكلىكى، تەۋەككۇلچى، قورقۇمسىزلىقى، جۇملىدىن تە-
رىشچانلىقى ئالاھىدە گەۋدىلىكتۇر. مانا ھازىر ئۇيغۇرلار
ئارىسىدا دۆلەت ھالقىغان سودىگەرلەر، كارخانىچىلار،
يىمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك تىجارەتچىلىرى، يايمە-
چىلار، باققاللار، بېدىكلەر، «دوللارچى»لار... يامغۇر-
دىن كېيىنكى بامبۇك نوتىلىرىدەك تۇشمۇ تۇشتىن بارلىققا
كېلىپ، گويا مۇتلەق كۆپ قىسىم ئادەم سودىگەر، تىجا-
رەتچىدەك تۇيغۇ بەردى. تارىختىكى ھۈنەر-كەسپلىرد-
مىزدىن بولغان سەرراپلىقمۇ راۋاج تېپىپ، ھەرقايسى يۇرت-
لاردا زەرگەرخانىلار ئېچىلىپ، ئالتۇن ۋە زىبۇ زىننەت،
ئۈنچە-مەرۋايىت سودىگەرلىرىمۇ ئاۋۇپ كەتتى. ئۇيغۇر-
لاردىكى چار بازار سورۇنلىرىمۇ ئىلگىرىكىدىن بەكرەك
ئاۋاتلىشىپ، ئىقتىسادىي ئوبوروت كۈچىمۇ ئۈزلۈكسىز زو-
رايدى. چار بازار سودىسىنىڭ قىزىشى ئېنىقكى بېدىكلەر-
نىڭ تاپاۋىتىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. ««يەڭ سودىسى»
ئارقىلىق ‹بېدىك› ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرگەندىن كېيىن
ئادەت بويىچە ساتقۇچى بىلەن سېتىۋالغۇچىنىڭ ئوڭ قول-
نى تۇتۇپ، «ياپىرىم، ھەر ئىككىڭلارغا قۇتاتسۇن!»
دەپ ئۇلارنىڭ ئالىقانلىرىنى يەر (تۇپراق)گە سۈرىدۇ.
سودىغا تۇپراقنى گۇۋاھچى قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى
تۇپراقنى ئۇلۇغلاش ئېتىقادىنىڭ ئۆرپ-ئادەتتىكى ئىپادد-
سى ھېسابلىنىدۇ»⑦. بازار ئىگىلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشى
ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۇيغۇرلاردىكى باققاللارنىڭ
سودىسىنىمۇ جانلاندۇردى. «ئۇيغۇرلار مېۋە-چېۋە
كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى ‹باققال› دەپ ئاتايدۇ.
باققاللار كۈندىلىك توپ سېتىۋېلىش ياكى باغ كۆتۈرە ئې-
لىشتەك ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن توپ ئېلىپ پارچە سا-
تىدۇ. مېۋە دۇكىنى ئالدىدىن ئۆتكەن كىشىلەرگە ‹پۇل
ئالمايمەن، بىر تال يەپ باقسىلا› دەپ يېگۈزۈپ تەمنى
تېتىتىپ ساتىدۇ، باققاللار كەڭ قورساق بولۇپ، خېرىدار-
لار بىلەن بىھۇدە باھا تالاشمايدۇ. ھۆل مېۋە ساتىدىغان
باققاللاردا جىڭلاپ سېتىش ئادىتى بولمىغان»⑧. يۇقىرد-
قى تەپسىلاتلاردىن خەلقىمىزنىڭ سودا-تىجارەتتە دىيانەت-
لىك، پاراسەتلىك، ئەقىللىق ھەم ئۆتكۈر ئىكەنلىكىنى كۆ-
رۈۋالغىلى بولىدۇ؛ دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشى، سودا-سې-
تىقنىڭ زىللىشىغا ئەگىشىپ، بۈگۈنكى كۈندە باققاللارمۇ
ئۆلچەملىك تارازا ئىشلىتىدىغان بولدى.

بىراق ئىقتىساد يەر شارىلىشىۋاتقان ھازىرقى دۇنيا
ئۇچۇرلاشتى، ئالماشتۇرۇش شەكلى كۆپ خىللاشتى ۋە
تېزلەشتى؛ سودا-تىجارەت كارخانىلىشىش، كەسپلىشىش
ۋە تېخنىكىلىششقا قاراپ يۈزلەندى؛ ئۇچۇر تورى ئومۇم-
لىشىپ، تېلېفون ۋە كومپيۇتېر ئارقىلىقلا سودا ئۇچۇرىنى
ئىگىلەش، بازار ئېچىش، مال تەمىنلەش ياكى مال سېتىۋې-
لىش، مۇنداقچە دېگەندە سودا ئالاقىسى قىلىش يېڭى
گەپ بولماي قالدى. مۇشۇنداق رىقابەت ۋە كرىزىسقا
تولغان سودا دۇنياسىدا ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ئاددىي
ھالدىكى يۆتكەپ سېتىش تىجارىتى، رېستوران ۋە ئاشخانا
ئېچىش تىجارىتى، تۈرلۈك شەكىلدىكى دۇكان تىجارىتى
ۋە ئۇششاق ئېلىپ ساتارلىق تىجارىتىنىڭ كۈتكىنىمىزدەك
ھاياتىي كۈچى بولسۇنمۇ؟! تىرىكچىلىك، كۈندىلىك
روزغار ئۈچۈنلا قاتناش ترانسپورت، سودا-ئالاقە راۋان
بولمىغان چاغلاردا يۆتكەپ سېتىش سودىسى راۋاج تاپقان
بىلەن، ھازىرقىدەك ئۇچۇر-ئالاقە راۋاج تاپقان چاغدا بۇ
خىل تىجارەت شەكلىمۇ ئىلگىرىكى سەلتەنىتىدىن قېپقال-
دى. كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپلا دۇنيانىڭ قايسى يېرد-
دە قايسى خىل سودا ئاۋات، قايسى خىل سودا كاسات؛
قەيەرگە قانداق مال لازىم، قەيەردىن قانداق مالنى كىر-
گۈزگەندە قولايلىق ھەم ئۈنۈملۈك بولىدۇ، كۆپرەك پۇل
تاپقىلى بولىدۇ... دېگەندەك ئۇچۇرلارغا ئېرىشىپ، تېلې-
فون ياكى تور ئالاقىسى ئارقىلىقلا قارشى تەرەپ بىلەن
توختام تۈزۈشكىلى ۋە مۇشۇ ئارقىلىق مال تەمىنلەش
ياكى مال كىرگۈزۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولۇۋاتقان
«چېچەن» دەۋردە ئۇچۇرغا ئەھمىيەت بەرمەي ئاڭلىغان
ياكى مۆلچەرىي ئۇچۇرغا، ھەتتا ئون ياكى 15 كۈن ئىل-
گىرىكى ئۇچۇرغا تايىنىپلا كونا قېلىپتىكى يۆتكەپ-سېتىش
سودىسى بىلەن شۇغۇللانسىڭىز، «ئۆيدىكى ھېساب تالاغا
توغرا كەلمەيتۇ» دېگەندەك زىيان تارتىپ قېلىشىڭىز
مۇمكىن. بىر سودىگەر ئاغىنەم بار ئىدى، ئۇ ئۆتكەن
يىلى يازدا بىر تونىنا ئۆرۈكنى نىڭشىياغا ئاپىرىپ، خېلى
ئوبدانلا پۇل قىپتۇ ھەمدە بۇ يەردە ئۆرۈك مەھسۇلاتى-
نىڭ تەمىنلەشنى بەكلا قاندۇرالمايۋاتقانلىقىنى، بولسا تېخى-
مۇ جىقراق ئۆرۈكنى يۆتكەپ سېتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى
ھېس قىپتۇ-دە، يەنە دەرھاللا قومۇلغا قايتىپ چىقىپ،
ئۈچ تونىنا ئۆرۈك سېتىۋېلىپ نىڭشىياغا يول ئاپتۇ. بۇ

قېتىم تېخىمۇ كۆپرەك پۇل تاپىدىغان بولدۇم، دېگەن ھاياجاندا نىڭشياغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، بىردىنلا ئىشلارنىڭ باشقىچىرەك بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ، بۇ قېتىم ئالتە-يەتتە سودىگەر بىراقلا ئۆرۈك يۆتكەپ كېلىپ، تەمىنلەشنى ئېھتىياجىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن، بۇنىڭ بىلەن ئۆرۈك سودىسى كاساتلاشقان، شۇنىڭ بىلەن ئاغىنىمىزنىڭ ئۆرۈككە خېرىدار يوق، باشقا يەرگە يۆتكەپ ئاپىرىپ ساتاي دېسە، ھۆل مېۋە بولغاچقا ئۇزاققا بەرداشلىق بېرەلمەي سېسىيدىغان گەپ. شۇنىڭ بىلەن ئۆرۈك ۋاقتىدا سېتىلماي، ئالدى سېسىقا باشلاپتۇ. ئامال يوق ئاغىنىمىز قومۇلدا ئۆرۈكنى سېتىۋالغاندىكى باھانىڭ (تەننەرخ باھانىڭ) يېرىمىدىنمۇ تۆۋەن باھادا تۆكمە قىلىپ سېتىپ، زور زىيان تارتىپتۇ. دېمەككى، ئاغىنىمىز بۇ يەردە ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلەپ، باشقىلار بۇ «بازار»نى بىلمەيدۇ دەپ قارىغان. ھازىرقى دەۋرنىڭ ئۇچۇر دەۋرى ئىكەنلىكىنى تازا تونۇپ يېتەلمىگەن. مېنىڭچە، مۇشۇ خىل يۈزەكى سودا ئېڭى ئارقىلىق تۇزۇپ كەتكەن ياكى زىيان تارتقان سودىگەرلەر ئاز بولمىسا كېرەك.

بىزدە بىر تۈركۈم كارخانىچىلار بارلىققا كەلدى ھەم كېلىۋاتىدۇ. ئەمما تىجارەت شەكلى، ئىشلەپچىقىرىش ئەنئەنىسى ئوخشاپراق كېتىدىغان كارخانىلىرىمىز ئارا پاسسىپ ھالدىكى رىقابەتمۇ باش كۆتۈرمەي قالمىدى. ئەكسىچە ئۇلار بازار ئېچىشقا، مەھسۇلاتنى كۆپ خىللاشتۇرۇشقا، ئىجادىيلىققا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا يۈزلىنىشكە تازا كۆڭۈل بۆلۈشەلمىدى؛ سېتىش (ۋاكالەتەن سېتىش) گەۋدىلىكرەك، ئۆزى ئىشلەپچىقىرىش ئاجىزراق بولدى. ئۇچۇر-ئالاقە، قاتناش-ترانسپورت ئىنتايىن راۋان بولغاچقا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كارخانا-شىركەتلەر ئاپتونوم رايونىمىزدا تارماق شىركەت، ۋاكالەتەن مال سېتىش ياكى مال (خام ئەشيانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كىرگۈزۈش ئورۇنلىرىنى بىۋاسىتە تەسىس قىلغان ئەھۋالدا مەھسۇلاتنى كىرگۈزۈپ سېتىشتىن ئۆزى ئىشلەپچىقىرىپ سېتىشنىڭ (ئۆز ئالدىغا، ئىجادىي ھەم يېڭى) قانچىلىك زۆرۈرلۈكى ئۇيغۇر كارخانىچىلىرىنىڭ ئالدىغا تاشلانغان مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەبلەغ، تېخنىكا، ئادەم كۈچى ۋە ساپا قاتارلىق كۆپلىگەن ئامىللارنىڭ تەسىرىدىن زامانىۋى كارخانىلار بىزدە يەنىلا ئاساسەن يوق ھالەتتە تۇرماقتا. يەنە بىر جەھەتتىن كارخانىچى ۋە شىركەتلىرىمىزنىڭ تىجارەت دائىرىسىمۇ ئاساسەن يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك، گىرىم بۇيۇملىرى دائىرىسىدىلا بولماقتا. سانائەت، پەن-تېخنىكا، ئۆي-مۈلۈك، ساياھەتچىلىك قاتارلىق ساھەلەردىكى كارخانىچىلىرىمىز يوق ھېسابتا. بىزدە بىرەر ساھەدە مەلۇم تىجارەت ئېقىپ كېتىدىغان بولسىلا، كۆپلىگەن كىشى نېرى-بېرىسىنى ئەستايىدىل ئويلاشمايلا شۇ تىجارەتكە يۈزلىنىدۇ. ئاقىۋەت بازارنى كاساتلاشتۇرۇپلا قالماي، ئۆزىمۇ زىيان تارتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئاكتىپ سودا ئېڭىنىڭ ئىنكاسى ئەمەس. دېمەك، بىزنىڭ نۆۋەتتىكى كارخانىچىلىرىمىزدا، سودا-تىجارەتچىلىرىمىزدە زامانىۋى ئۇچۇر-ئالاقىگە تازا ئەھمىيەت بەرمەسلىك؛ پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە كۆڭۈل بۆلمەسلىك، ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچىمەسلىك، زامانىۋى سودا-تىجارەت ئېڭى ۋە كارخانا باشقۇرۇش ئېڭىغا ئىگە بولالماسلىقتەك يېتەرسىزلىكلەر ساقلانماقتا. ئەگەر بىزنىڭ ئۇيغۇر سودىگەرلىرىمىز، تىجارەتچىلىرىمىز، كارخانىچىلىرىمىز ئەجدادلىرىدىكى تەۋەككۈلچىلىك ھەم قەيسەرلىك روھىغا ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا ئۇنىڭغا ئىجادىيلىق ھەم ئىجادچانلىقنى، زامانغا خاس ئەقىل-پاراسەت ھەم ئاڭنى بىرلەشتۈرەلىسە، ئىشلىرى بەرىكەت تېپىپ، سودا دۇنياسىدا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايدۇ.

**ئىزاھلار:**

①، ② غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى تارىم مەدەنىيەتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007-يىل 5-ئاي، 1-نەشرى، 41-، 42-، 47-بەتلەر.

③ ھاجى قۇتلۇق قادىرى: «بار ئىكەنمەن يادىڭدا دۇنيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001-يىل 2-ئاي 1-نەشرى، 118-، 119-بەتلەر.

④ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، 1999-يىللىق 1-سان، 12-بەت.

⑤ «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى» 44-بەت.

⑥ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، 1999-يىللىق 1-سان، 14-بەت.

⑦، ⑧ ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا، شېرىپ خۇشتار قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى» شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 17-، 83-، 84-بەتلەر.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەرلىك 46-ئوتتۇرا مەكتەپتە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# تەھرىرلىك ۋە ئەدەبىيات توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

**ئادىلە ئېلدان**

قەدىمدىن ھازىرغىچە، ئەدەبىياتنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تەھرىرلىك زادى قانداق ئورۇندا تۇردى؟ تەھرىرلىك ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا قانداق تەسىر كۆرسەتتى؟ ئېستېتىكا ئىلمىنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئوقۇرمەنلەر ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ياراتقۇچىسى، دەپ قارىدى. تەتقىقاتچىلار ھېس قىلدىكى: ئاپتور ئەسەرنى يارىتىپ چىققاندىن كېيىن، ئەسەردە مۇستەقىل بولغان، ئاپتورنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغان ھاياتىي كۈچ پەيدا بولغان بولىدۇ؛ ئوقۇرمەنلەر ئەسەرنى ئوقۇش جەريانىدا ئۆزىنىڭ خاس كەچۈرمىشى، ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش كەچۈرمىشى ۋە بىلىمى، ئۆزگىچە مىجەز-خۇلقى ۋە قىزىقىشى، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى قاتارلىقلارغا ئاساسەن، ئەسەرگە نىسبەتەن قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ ئەسەرگە ئەركىن بولغان قايتا يارىتىشنى ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا بىر قىسىم كىشىلەر تەھرىرلەرنى ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋەتتى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر تەھرىرلەرنى ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنىڭ ئەچىگە ئالدى.

جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە كۆپ ساندىكى مۇتەخەسسىسلەر تاللاشنى قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى تەھرىرلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، دەپ قارايدۇ. مانا بۇ، تەھرىرلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى تاللاش خىزمىتى دېگەنلىكتۇر. داڭلىق تەھرىر لىن خۇيفاڭ مۇنداق دېگەن: «تەھرىرلىك ئۇقۇمىغا تەبىر بېرىش ئۈچۈن، قەدىمكى ۋە ھازىرقى تەھرىرلىك خىزمىتىدە بار بولغان ئورتاق ئالاھىدىلىكنى تېپىپ چىقىش كېرەك؛ ‹تاللاش›نى ئورتاق ئالاھىدىلىك بار دەپ قاراشقا بولىدۇ». جۇڭگو تەھرىرلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى لىۇگاۋ: «تەھرىرلىك پائالىيىتىنىڭ

ئاساسي قانۇنىيتى ــــ ئىنسانلار ياراتقان مەدەنىيەت مېۋد-
لىرىگە قارىتا تاللاش، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە تارقىتىش
دېگەنلىك» دەپ قارىغان. لىن خۇيفاڭ تاللاشنى قەدىمكى
ۋە ھازىرقى تەھرىرلىكنىڭ ئاساسي ئالاھىدىلىكى دەپ قا-
رىغان، ليۇ گاۋ تاللاشنى تەھرىرلىك پائالىيىتىنىڭ بىرىنچى
ئورۇنغا قويغان؛ ئىككىلىسى تاللاشنىڭ تەھرىرلىكتىكى پائا-
لىيىتىنىڭ ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيىتىنى تەكىتلىگەن.

تاللاش ــــ ئادەملەرنىڭ تەشەببۇسكار پائالىيىتىگە
مەنسۇپ بولۇپ، مۇۋاپىق ئىشلىتىلگەندە ئادەملەرنىڭ
ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ؛ تاللاش-
نىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى ــــ خاتالىق سادىر قىلىشى، ھەتتا
چوڭ خاتالىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

تەھرىرلىكنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى ــــ تىۆ-
زۈشكە كەلسەك، بۇمۇ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە مۇتە-
خەسسىسلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئەنگلىيە-
لىك مەشھۇر نەشرىياتشۇناس ستانلى ئانۋىن ئۆزىنىڭ
«نەشرىياتچىلىق توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» دېگەن كىتا-
بىدا: «بىر ئۇلۇغ نەشرىياتچى ــــ مەدەنىيەت مىنىستىرد-
دۇر»، دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ،
ئۇلۇغ نەشرىياتچىدا سىياسىيونلارنىڭ ساپاسى بولۇشى
كېرەك، دەپ قارىغان. «مەدەنىيەت مىنىستىرى» بولىد-
كەن، ئۇنداقتا مەدەنىيەت ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللىشى
ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟
شائىخەي ئوكيانۇس نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئوكيا-
نۇس» تا تەھرىرلىك ئۇقۇمىغا مۇنداق تەبىر بەرگەن:
«تەھرىرلىك ئاخبارات- نەشرىياتچىلىق ئورۇنلىرىنىڭ ئە-
سەرلەرنى تەشكىللەش، ئوقۇپ تەكشۈرۈش، تەھرىرلەش،
پىششىقلاپ رەتلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى كۆرسىتىدۇ؛
ئۇ، ئەسەرلەرنى بېسىپ چىقىرىشقا تاپشۇرۇش ئالدىدىكى
مۇھىم ھالقا». يۇقىرىقى تەبىردە «تەشكىللەش»نى تەھ-
رىرلىك خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئورنىغا قويغان. قەدىمكى زا-
ماندىكى تەھرىرلەر ھازىرقى زاماندىكى تەھرىرلەرگە
ئوخشىمايدۇ. ئۇلار كەسپىي تەھرىرلەر ئەمەس، ئۇلار ھا-
زىرقى زامان تەھرىرلىرىدەك ئاپتورنىڭ ئەسىرىگە قارىتا
ئىلھام بېرىش، لايىھەلەش، ياردەم بېرىش، يول كۆرس-
تىش، سۈيلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قىلالمايدۇ. ھازىر-
قى زامان تەھرىرلىرىدەك ھەمىشە ئالاھىدە بولغان ھازىر-
قى زامان تېخنىكىسىغا ئىگە تارقاتقۇچى ۋاستىلىرىگە ئىگە
بولمايدۇ، قەدىمكى زامان تەھرىرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇ-
ناسىۋىتى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى ئاددىي بولىدۇ. قەدىمكى
زاماندىكى تەھرىرلەر بار بولغان ئەسەرلەرگە قارىتا ئى-
جادچانلىق ئەمگىكى ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەسەر
تاللاش ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

تاللانما ئەسەرنىڭ تەھرىرلىگۈچىسى، ھازىرقى زا-
ماندىكى ياخشى ئەسەر يېزىۋاتقان ئاپتورلار، ئەڭ دەس-
لەپكى تەھرىرلەردۇر، ياكى بىخ ھالىتىدە تۇرغان تەھرىر-
لەردۇر. قەدىمكى زاماندىكى تەھرىرلەرنىڭ بۇ خىل
تاللاش ۋە تۈزۈش ئېلىپ بېرىشى، دەل ھازىرقى زامان
تەھرىرلەرنىڭ ھەرىكىتىگە پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى.

تاللانما ئەسەرنىڭ ياخشى- يامانلىقى ۋە ئەلا- ناچار-
لىقىنىڭ مۇھىم بىر نۇقتىسى تاللىغۇچىنىڭ نەزەر دائىرىسە-
گە باغلىق بولغان بولىدۇ. بۈگۈنكى تەھرىرلىرىمىز
ئۆتكۈر نەزەر دائىرىگە ئىگە بولۇشى ۋە چوڭقۇر بىلىم
ئالغان بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا تاللىغان ئەسە-
رى ئاپتورنىڭ ھەقىقىي قارىشىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

تەھرىرلەرنىڭ تاللاش ۋە تۈزۈش ئارقىلىق ھاسىل
بولغان مەھسۇلات ــــ تاللانما ئەسەر بىر يېڭى گەۋدە
بولۇپ، ئۇنىڭ رولى شۇ خىلدىكى بىر قانچە ئەسەرنىڭ
رولىدىن ھالقىپ ئۆتكەن بولىدۇ، تاللاش بىلەن تۈزۈش
كۈچلۈك بولغان سۇبيېكتىپ تۈس ئالغان بولىدۇ، ئۇ تال-
لىغۇچىنىڭ ئۆلچىمى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىپ، تاللىغۇچە-
نىڭ دۇنيادىكى مەلۇم بىر شەخس تاكى مەلۇم بىر ۋەقەگە
بولغان كۆز قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولىدۇ؛ تاللاش
بىلەن تۈزۈش مۇۋاپىق ئىشلىتىلگەندە، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر
خىل قايتا يارىتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، مەسىلەن، تارىختا
چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان تاللانما ئەدەبىيات ئەسەرلىرد-
نىڭ ھەممىسى بىر خىل يېڭى ئەدەبىيات كۆز قارىشىنى ئى-
پادىلىگەن؛ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان تاللانما ئەسەرلەر ئو-
قۇرمەنلەرگە ئۆز كۆز قارىشىنى ۋە ھېسسىياتىنى قوبۇل
قىلدۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەر تاللىغۇچىنىڭ شەخسىي خاھىشىنى
تونۇغان بولىدۇ. مانا بۇ قەدىمكى زاماندىكى تەھرىرلەر-
نىڭ مەلۇم بىر خىل ئەدەبىيات ئىدىيەسى ۋە ياكى مەلۇم
بىر خىل ئەدەبىيات ژانىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا كۈچلۈك
ئالغا سۈرۈش رولىنى ئوينىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ھازىرقى زامان تەھرىرلىرى ئالدىنقىلارنىڭ خىزمەت
ئۇسۇلىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرغاند-

www.uyghurkitap.com



دىن سىرت، يەنە ئاپتورلار بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىپ،
ئۇلارنىڭ يېڭى جامائەت پىكرى، يېڭى ژانىر، يېڭى ئۇس-
لۇبىنى يارىتىپ چىقىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

پەن-تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، ئىش-
لەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، كاپىتالىستىك
ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىتىلىشى، ئىدىيە قارد-
شىنىڭ يېڭىلىنىشى، ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ بارلىققا
كېلىشى، ئاۋام خەلقنىڭ ئۇچۇرنى قوبۇل قىلىشى ئېھتىياج-
نىڭ تېز ئېشىشى، ھازىرقى زامان تارقاتقۇچى ۋاسىتىچىلەر
ۋە ھەرخىل ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگە-
شىپ، بۇ ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىدىغان ھازىرقى زامان
تەھرىرلىرى پەيدا بولدى.

ھازىرقى زامان تەھرىرلىرى دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان
ئەسىرلەرگە (قەدىمكى زاماندىكى كۆپلىگەن مىراسلار ۋە
ئەينى ۋاقىتتا ئاپتورلار يېزىپ چىققان ماقالىلەرنى ئۆز ئە-
چىگە ئالىدۇ) خىزمەت ئېلىپ بارسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇ پا-
ئالىيەتنىڭ دائىرىسى ۋە ئوبيېكتىغا قانائەت قىلمايدىغان
بولدى، ئۇلار يىراقنى كۆرۈش، ئاكتىپچانلىق، ئىجادچاد-
لىق خاراكتېرىگە تېخىمۇ باي بولدى.

ھازىرقى زامان تەھرىرلىرى بىلەن قەدىمكى زامان
تەھرىرلىرىنىڭ تۈۋەندىكىدەك بىر نەچچە تۈرلۈك ئوخ-
شىمىغان ئىجتىمائىي ئورنى، خىزمەت ئۇسۇلى ۋە نەتىجە-
سى بار.

1. تەھرىرلەر ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدىن تولۇق پايدى-
لىنىپ، دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى ۋەزىيەت ۋە بازارنىڭ
تەرەققىياتى ئېھتىياجىغا دىققەت قىلىپ، ئاپتورلار بىلەن
ماسلىشىپ، ئەدەبىياتنىڭ يېڭى جامائەت پىكرىنى، يېڭى
ژانىر ۋە شەكلىنى، يېڭى ئۇسلۇبىنى ئىجاد قىلىشىغا ياردەم
بېرىدۇ.

ئەدەبىياتتىكى ئىجادىيەتلەرنىڭ يىلتىزى ئاۋام
خەلقنىڭ تۇپرىقىدا بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى زامان ئەدەبى-
ياتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى — ھازىرقى
زامان تەھرىرلىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان بولىدۇ.
ئۇلارنىڭ تەشەببۇس قىلىشى، تەشكىللىشى، تاللىشى ۋە
ئۇلارنىڭ بىر يۈرۈش تەدبىرلىرى بولمىغان بولسا، بىر
يۈرۈش يېڭى كۆز قاراشلارنىڭ ۋە ئەدەبىياتنىڭ يېڭى ژا-
نىرلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

شۇ سەۋەبتىن، ھازىرقى زامان تەھرىرلىرىنىڭ بىرىنـ
چى ئۆتكەلنى تۇتۇپ تاللىشى ئارقىلىق نەشر قىلىشقا
رۇخسەت قىلىنغان يۇقىرىقى يېڭى ئەدەبىيات مەھسۇلاتلى-
رى ئۇنى چۈشىنىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىدىغان ئو-
قۇرمەنلەرنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ. ئەگەر ئاممىغا
كۆپرەك ئېرىشەلىسە، ئۇنداقتا بەلگىلىك مۇھىت پەيدا قى-
لىدۇ-دە، بىر خىل مودا ھالەتنى ياكى يېڭى ئېقىم شەكىل-
لەندۇرەلەيدۇ.

جۇڭگونىڭ يېقىنقى زاماندىكى گېزىت-ژۇرناللارنىڭ
ئەڭ دەسلەپكىسى 1815-يىلى چەت ئەللىك دىن تارقاتقۇ-
چىلار تەرىپىدىن چىقىرىلغان. دەسلەپكى كاپىتالىزم تۈس-
نى ئالغان گېزىت-ژۇرناللىرىنىڭ مەزمۇنلىرى ئاساسەن
خەۋەر، تونۇشتۇرۇش، مۇنازىرە قاتارلىقلار بولۇپ، ئە-
دەبىيات ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلمايتتى. ۋېيشىن قانۇن
ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى مەزگىلىگە كەلگەندىلا ئەدەبىيات
ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىش بىر خىل مودىغا ئايلانغان.
شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو رومانچىلىقى ۋە ئۇنىڭ بۆلۈپ
ئېلان قىلىش شەكلى شەكىللەندى.

ئەدەبىياتتىكى يېڭىچە ئۇسلۇبقا كەلسەك، ئۇ بىر
دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس ئەدەبىيات مودا ئۇسلۇبى بولۇپ،
ئالاھىدە دەۋردىكى يازغۇچىلارنىڭ ئوخشىمىغان ھالەتتى-
كى ئالاھىدىلىك ۋە ئۇسلۇبىنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن ئۇلار
يەنىلا دەۋرنىڭ ئەدەبىيات ئۇسلۇبىنىڭ چەكلىمىسىگە ۋە
تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئەدەبىياتتىكى يېڭىچە ئۇسلۇب ماھ-
يەتتىن ئېيتقاندا يەنىلا ئاۋام خەلقنىڭ تۇرمۇشىدىن كەلگەن
بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن تەھرىرلەر دەۋرنىڭ يېڭى ئەدەب-
يات ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۇرۇش، ئىلگىرى سۈرۈش،
تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇشتەك مۇھىم رول ئويناپ
كەلدى.

2. تەھرىرلەرنىڭ ئىجادچانلىق پائالىيىتى ئاپتورلار-
نىڭ روھىي ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭگەن
بولۇپ، ئۇلار ئاپتورلارنىڭ ماقالىلىرىگە تۈزىتىش ئېلىپ
بېرىشقىلا قانائەت قىلمايدىغان بولدى.

ھازىرقى زامان تەھرىرلىرى ئاپتورلار ئەۋەتكەن
نۇرغۇن ماقالىلەرنى ئوقۇپ تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن
ئېلان قىلىشقا ياكى نەشر قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان ئە-
سەرلەرگە پىششىقلاش خىزمىتى ئېلىپ بارىدۇ. لېكىن
ئۇلار پارتىيەنىڭ فاڭجېنى ۋە پرىنسىپىنى تېخىمۇ ياخشى
ئىزچىللاشتۇرۇش، ئاپتورنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ

ياخشى ئېپادىلەش ھەمدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى تېخىمۇ قاندۇرۇش ۋە ئەدەبىيات بازارلىرىنى تېخىمۇ كۆپ ئىگىلەش ئۈچۈن، «مۇھىم شەرتلەر ھازىرلانسىلا ئىشقا كىرىشمەك»تەك كونا ئۇسۇلنى ۋە پاسسىپ ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەرىكەتلىنىپ، تېما تاللاش ۋە پىلانلاش ئېلىپ بېرىپ، ئاپتورلارنى تەشكىللەپ بازار ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكلىدى. شۇڭا قىسمەن نەشرىياتلاردا پىلانلاش تەھرىرىدىن ئىبارەت خادىملار تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭ ئۇنۇممۇ ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك بولدى.

ئەسەرنى تۈزىتىش باسقۇچىدا ئىككى كۈچنىڭ بىردەكىشى ناھايىتى مۇھىم. ئەلۋەتتە ئاساسلىقى ئاپتورلارنىڭ ئىجاد قىلىش كۈچى بولۇپ، ئاپتورلار ئۇنىڭ يوشۇرۇن كۈچىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قېزىشقا تىرىشىشى لازىم. يەنە بىر خىل ئىجاد قىلىش كۈچى — تەھرىرلەرنىڭ ئىجاد قىلىش كۈچى بولۇپ، لېكىن ئۇ دائىم باشقىلار تەرىپىدىن سەل قارىلىپ كەلمەكتە. تالانتلىق تەھرىر ماقالىگە بىر قاراپلا نەدە مەسىلە بارلىقىنى ھۆكۈم قىلالايدۇ. ئامېرىكىدا، تەھرىرلەر بىلەن ئاپتورلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە، زادى كىم بۇ ئەسەرگە «ئىگە»؟ كىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىلەردە نۇرغۇن قېتىم مۇنازىرە بولغان. ئەلۋەتتە، ئەسەر مەڭگۈ ئاپتورغا مەنسۇپ. تەھرىر ھەرخىل تەكلىپلەرنى بەرسە بولىدۇ، ئاپتورنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى، ئاپتورنىڭ قارارىغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك، لېكىن بۇ خىل مۇنازىرىنىڭ ئۆزى شۇنى بىلدۈرىدۇكى، تەھرىرنىڭ ئىجادچانلىقى ئاپتورنىڭ ئەسەر يارىتىشىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭگەن بولىدۇ.

3. تەھرىرلەر جەمئىيەتنىڭ مائارىپچىسى رولىنى ئوينىدى. ئۇلار يېڭى ئاپتورلارنى بايقاپ ۋە تەربىيەلەپ، ئۆزلىرىنىڭ قان - تەرىنى سىڭدۈردى، كىشىلەر دائىم ئېيتقاندەك: تەھرىر بولمايدىكەن، ئادەمنىڭ ئەدەبىياتنى كەسىپ قىلىشى بولمايدۇ ھەمدە ئاپتورنىڭ بىر يۈرۈش ئەدەبىيات ئەسەرلىرى دۇنياغا كەلمىگەن بولىدۇ. نۇرغۇن ئالىم مۇتەخەسسىسلەر تەھرىرلەرنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى يېڭى ئاپتورلارنى بايقاش ۋە تەربىيەلەش، دەپ قارىدى.

يۇقىرىقى ھەرخىل پاكىتلار ۋە ئانالىز قىلىشلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەھرىرلەر ئەدەبىياتنى ئىجاد قىلىشقا چوڭقۇر قاتناشقان. لېكىن تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ يوشۇرۇنچانلىقى بەكلا كۈچلۈك بولۇپ كەتكەن. بىر ئەسەردىن تەھرىرنىڭ ئىجادچانلىق كۈچىنى ۋە بەدىئىي ماھارىتىنى كۆرۈش ئىنتايىن قىيىن. تەھرىرنىڭ ئىجادچانلىقى ئەسەر ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئازراقمۇ ئىز قالمىغان بولىدۇ.

پايدىلانما:


1. «ئامېرىكا» گلوس تۈزگەن «تەھرىرلەر دۇنياسى» چى رۇلەن تەرجىمە قىلغان. بېيجىڭ جۇڭگو ئىشچىلار نەشرىياتى 2000 ـ يىلى.

2. «ئامېرىكا» سكوت. بورگ «تالانتلىق تەھرىر» سۇن زىيى تەرجىمە قىلغان. شىئەن شەنشى خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىلى.

3. لىن خۇيفاڭ «جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى تەھرىرلىك ۋە نەشرىياتچىلىق تەتقىقاتى» ۋۇخەن خۇاجۇڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1998 ـ يىلى.

4. جاڭ رۇفا ««تاللاش»: تەھرىرچىلىكنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى» خېنەن ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 2000 ـ يىلى 1 ـ سان.


(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي ئىشلار كومىتېتىدا)


## ئوقۇرمەنلەر سەمىگە

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2009 ـ يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن Tel: (0991) 4554017

# خەلقىمىزنىڭ مېۋە-چېۋىلەرنى قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىش ئادىتىدىن ساغلاملىققا نەزەر





قۇربانجان ئوبۇل

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق ئەسىرلىك ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا، مېۋە-چېۋىلەرنىڭ ماددىي تەسىرى، كىشىلەرگە يەتكۈزىدىغان پايدا-مەنپەئەتى ۋە تەبىئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى پىشقان مەزگىلىدە ئىستېمال قىلغاندىن سىرت، يەنە ياز پەسلىدە قۇرۇتۇۋېلىپ، قىش كۈنلىرى ئىستېمال قىلىشقا ئوخشاش ئەڭ دەسلەپكى ساقلىنىش ساقلاش، كېسەللىكلەردىن مۇداپىئەلىنىش، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش ۋە كۈتۈنۈشنىڭ بىر يۈرۈش تەدبىرلىرىنى ئۆگىنىۋالغان. شۇنداقلا قۇرۇتۇۋېلىنغان مېۋە-چېۋىلەرنى ھېيت-ئايەم، توي-تۆكۈن مەزگىللىرىدىكى داستىخاننىڭ مۇھىم نېمىتى سۈپىتىدە ئىشلىتىپ كەلگەن. بۇ ھەقتە ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسەرلىرىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆل مېۋە-چېۋىلەردىن تەييارلىغان قۇرۇق مېۋىلەر توغرىسىدا خېلى كۆپ مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. ئەجدادلىرىمىز تۈرلۈك مېۋىلەرنى قۇرۇتۇش ۋە ئىستېمال قىلىش جەريانىدا، مېۋە-چېۋىلەرنىڭ ھۆل، قۇرۇق، ئىسسىق، سوغۇقلۇقىدىن ئىبارەت تەبىئىتىگە ئېتىبار بىلەن قاراپ، مېۋە-چېۋىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق تەسىرى بىلەن شىپالىق تەسىرىگە تەڭ ئەھمىيەت بەرگەن.

**گۈلە:** ئۆرۈك تازا مەي بولۇپ پىشقاندا، شېخىدىن ئايرىۋېلىپ بورا ئۈستىگە ياكى پاكىز توپىغا تۆكۈپ قويۇلسا، ئىككى ھەپتە ئەتراپىدا ناھايىتى ياخشى قۇرۇيدۇ. ئۇنى يىغىۋېلىپ غەلۋىردە تاسقاپ، توپىسىدىن تولۇق ئايرىتىپ، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان قاچىغا قاچىلاپ، ساقلاپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئادەتتە گۈلىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق، قان كۆپەيتىش، قاننى قىزىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، بەدەننى سەمرىتىش قاتارلىق تەسىرى بار بولۇپ، ئىستېمال قىلىنسا قان ئازلىق، سوغۇق تەرلەش، قان سوۋۇپ كېتىش، بەدەن ئاجىزلىق قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. گۈلە ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ، ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىغۇچىلارنىڭ ئىس-

يازدا يېيىنچالىك بولسۇن، قىشتا سىلىنچالىك (بولسۇن)

تېمال قىلىشقا ماس كەلمەيدىغان بولۇپ، بۇ خىل كىشىلەر ئۇزاق مۇددەت ئىستېمال قىلسا باش ئاغرىش، ئېغىز قۇرۇش، قان بېسىمى ئۆرلەش، قان-تومۇر قېتىشىش، قان قويۇلۇش، يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى، تېرە كېسەللىكلىرى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا گۈلە سوغۇق مىزاج كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا گۈلە تەركىبىدە ۋىتامىن A، C، كالتسىي، ماگنىي، ماي، قەنت قاتارلىق ماددىلار مول بولۇپ، ئىستېمال قىلىنسا بەدەننى كۆپ خىل ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئادەتتە گۈلنى قۇرۇق ھالەتتىمۇ ئىستېمال قىلغان، شۇنداقلا سۇيۇقئاش، پولۇ، ئۇماچ قاتارلىقلارغا ئوخشاش تاماقلارغا سېلىپ ئىستېمال قىلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ خىل ئادەت ھازىرمۇ خەلقىمىز ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

**شاپتۇل قېقى:** شاپتۇل قېقىنى تەييارلاشتا، شاپتۇلنى ئوتتۇرىدىن يېرىپ ئۇچكىسىنى ئېلىۋېتىپ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇپ، ئاندىن غەلۋىردە تاسقاپ توپىسىدىن ئايرىۋېلىپ تەييارلىنىدۇ. شاپتۇل قېقىنى ئۇزاق مۇددەت ئىستېمال قىلغىلى بولىدۇ. شاپتۇل قېقىنىڭ تەبىئىتى سوغۇق، ئىسسىق كەيپىياتنى تەڭشەش، ھارغىنلىقنى يوقىتىش، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، نورمالسىز قان، سەپرا خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش قاتارلىق تەسىرى بار بولۇپ، نورمالسىز قان، سەپرا خىلتىدىن بولغان قىزىتما، جىگەر ۋە ئاشقازان ئاجىزلىقى، خاپىقان، يۇقىرى قان بېسىم، باش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. شاپتۇل قېقى سوغۇق مىزاج كىشىلەرنىڭ، سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىغۇچىلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ماس كەلمەيدۇ، ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ماس كېلىدۇ. شاپتۇل قېقى تەركىبىدە بەدەن ئېھتىياجلىق بولغان ماددىلاردىن ۋىتامىن، كالتسىي، فوسفور، تالالىق ماددىلار، ئاقسىل، ماگنىي، تۆمۈر، ماي، قەنت، كاروتىن، ئورگانىك كىسلاتا قاتارلىق ماددىلار بار بولۇپ، ئىستېمال قىلىنسا، بەدەننى كۆپ خىل ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئەجدادلىرىمىز شاپتۇل قېقىنى قۇرۇق ھالەتتە ئىستېمال قىلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ خىل ئادەت ھازىرمۇ خەلقىمىز ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا خەلق ئارىسىدا يۇقىرى قان بېسىم ۋە باشقا ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە قارىتا شاپتۇل قېقىنى سۇغا چىلاپ قويۇپ، تەمى چىققاندا، شۇ سۇنى ئىچىش ئارقىلىق كېسەل داۋالاش ئۇسۇللىرى ھازىرمۇ مەۋجۇت.

**جىگدە:** جىگدىنىڭ مېۋىسى ئاساسەن شىخىدا تۇرۇپ قۇرۇيدۇ. ئاندىن ئۇنى ئېلىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق. ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، مەنىي تۇتۇش، قان تازىلاش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، خۇشلۇق يەتكۈزۈش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش قاتارلىق تەسىرى بار بولۇپ، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، باش ئاغرىقى، ئاشقازان ئاجىزلىقى، سەپرادىن بولغان تولغاق، قۇسۇش، ئىچى سۈرۈش، كۆز قاراڭغۇلىشىش، سۈيدۈك تېمىپ كېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. جىگدە سوغۇق مىزاج كىشىلەرنىڭ، سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىغۇچىلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ماس كەلمەيدۇ. ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ماس كېلىدۇ. جىگدە تەركىبىدە قەنت، ئاقسىل، تاننىن، ۋىتامىن، كالتسىي قاتارلىق ماددىلار بار بولۇپ، بەدەننى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەجدادلىرىمىز جىگدىنى قۇرۇق ھالەتتە ھەم ئاشقا سېلىپ ئىستېمال قىلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇخىل ئادەت ھازىرمۇ خەلقىمىز ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ھازىرمۇ يەرلىك خەلق جىگدىنى قاينىتىپ شەربەت تەييارلاپ، «جىگدە شەربىتى» نامىدا ئىستېمال قىلىدۇ، شۇنداقلا جىگدە شەربىتىنى ئىسسىقتىن بولغان ئىچى سۈرۈش ۋە باشقا ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىدۇ.

**چىلان:** چىلان ئادەتتە پىشقاندىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ. بەزىدە قاينىتىپ سۈيى ئىستېمال قىلىنىدۇ. تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتنى سۈرۈش، قاننى سۇيۇلدۇرۇش، قان تازىلاش، ماددىلارنى سۈرۈپ چىقىرىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، كۆكرەكنى تازىلاش، قىزىتما قايتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش، قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، ماددىلارنى يۇمشىتىش قاتارلىق تەسىرى

www.uyghurkitap.com



بار بولۇپ، قان بۇزۇلۇش، نەزلىلىك زۇكام، يۆتەل، ئۆپكە ياللۇغى، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، قىزىتما، ئۇيقۇسىزلىق، ئاۋازنىڭ ئىسسىقتىن پۈتۈپ قېلىشى، ئۈچەي جاراھەتى، بەدەن ئاجىزلىقى، تېرىدە مۇدىر چاقا پەيدا بولۇش، قىچىشقاق، يۇقىرى قان بېسىم، ئۆتكۈر ئۇسسۇزلۇق قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. چىلان تەركىبىدە ئاقسىل، كاروتىن، ۋىتامىن، كالتسىي، كاربون ھىدرىتلار قاتارلىق ماددىلار بار بولۇپ، ئىستېمال قىلىنسا، بەدەنگە ئوزۇقلۇق تولۇقلايدۇ. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز چىلاننى قۇرۇق ھالەتتە ھەم ئاشقا سېلىپ ئىستېمال قىلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ خىل ئادەت يەرلىك خەلق ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ھازىرمۇ خەلق ئارىسىدا قان بۇزۇلۇش، نەزلىلىك زۇكام، يۆتەل، ئۆپكە ياللۇغى، قىزىتما، ئۇيقۇسىزلىق، يۇقىرى قان بېسىم، ئۆتكۈر ئۇسسۇزلۇق قاتارلىق كېسەللىكلەرگە قارىتا چىلاننى قايناق سۇغا دەملەپ قويۇپ، سۈيىنى ۋە چىلاننىڭ ئۆزىنى ئىستېمال قىلىش ئادىتى مەۋجۇت، ئۇنىڭدىن باشقا چىلاننى ئۇماچ، پولۇ قاتارلىق تاماقلارغىمۇ سېلىپ ئىستېمال قىلىش ئادىتىمۇ بار.

**ئۈزۈم:** ئۈزۈم ھۆل ھەم قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىشقا بولىدىغان مېۋە بولۇپ، ئۇ ياز پەسلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدىغان بولغاچقا، دەسلەپىدە ھۆل ھالەتتە، كېيىن قۇرۇتۇلغان ھالەتتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق. قان كۆپەيتىش، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا، بەلغەم خىلىتلىرىنى پىشۇرۇش، ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، قاننى جانلاندۇرۇش، بەدەننى سەمرىتىش، تېرىنى سىلىقلاشتۇرۇش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش قاتارلىق تەسىرى بار بولۇپ، بەدەن ئاجىزلىقى، ئۇنۇتقاقلىق، كەم قانلىق، نېرۋا ئاجىزلىقى، باش ۋە ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى قاتارلىق كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۈزۈم تەركىبىدە ئاقسىل، ۋىتامىن، قەنت، كالتسىي، تۆمۈر قاتارلىق ماددىلار بىر قەدەر مول بولۇپ، ئىستېمال قىلىنسا، بەدەنگە يۇقىرىقى تەسىرىنى بېرەلەيدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئۈزۈمنى قۇرۇق ھالەتتە ھەم ئۇماچ، پولۇ قاتارلىق تاماقلارغىمۇ سېلىپ، ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، بۇ خىل ئادەت خەلق ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلمەكتە، ھازىرمۇ خەلق ئارىسىدا قان ئازلىق كېسەللىكىنى داۋالاش ئۈچۈن ئومۇملاشقان ئۇسۇللاردىن ئۈزۈمنى قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، سۈيىنى ئىستېمال قىلىش، شۇنداقلا ئۈزۈمنى قۇرۇق ھالەتتە ھەم سوقماق تەييارلاپ ئىستېمال قىلىش ئادىتى بار.

**ياڭاق:** ياڭاق ئاساسەن قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. 9-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پوستىدىن ئاجرىغاندا يىغىۋېلىنىپ، ئاندىن ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ. قۇرۇتۇلغان ياڭاقنى نەچچە يىل ساقلاپ ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق. باش ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ھېسسىي قۇۋۋەتنى ئاشۇرۇش، ئىچنى يۇمشىتىش، ئىششىق تارقىتىش، پارقىرىتىش، تېرىنى سىلىقلاشتۇرۇش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، قان كۆپەيتىش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، قاننى جانلاندۇرۇش، بەدەننى سەمرىتىش قاتارلىق تەسىرى بار بولۇپ، باش ۋە بەدەن ئاجىزلىقى، ئۇنۇتقاقلىق، كەم قانلىق، نېرۋا ئاجىزلىقى، قەۋزىيەت، يۆتەل، ھەزىم بۇزۇلۇش قاتارلىق كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ياڭاق تەركىبىدە ئاقسىل، ماي، كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، ۋىتامىن، كالتسىي، تۆمۈر، فوسفور، كاروتىن قاتارلىق ماددىلار بار بولۇپ، ئىستېمال قىلىنسا، بەدەننى مول ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىن ئەتكەندىن باشقا، يەنە يۇقىرىقى تەسىرىنىمۇ بېرەلەيدۇ. ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىن تارتىپ ئەتىگەنلىك ناشتىلىقى ئۈچۈن ياڭاقنى قۇرۇق ھالەتتە ياكى ئۇنىڭدىن سوقماق تەييارلاپ ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، بۇ خىل ئادەت ھازىرمۇ خەلق ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلمەكتە، ھازىرمۇ خەلق ئارىسىدا بەدەننى قۇۋۋەتلەش مەقسىتىدە ياڭاقنىڭ ئۆزىنى قۇرۇق ھالەتتە ئىستېمال قىلىش، ئۇنى ئۈزۈم بىلەن قوشۇپ سوقماق تەييارلاپ ئىستېمال قىلىش، شۇنداقلا ياڭاقتىن ماتاڭ تەييارلاپ ئىستېمال قىلىش ئادىتى بار.

**ئەنجۈر قېقى:** ئەنجۈر بىر يازدا ئۈچ قېتىم مېۋە بېرىدىغان بولۇپ، ئاساسەن ياز ئوتتۇرىلىرىدا پىشقانلىرى تولۇق ۋايىغا يېتىپ پىشىدۇ. ئەنجۈر ھۆل ھالەتتە كۆپرەك ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئاز بىر قىسمى قۇرۇتۇۋېلىنىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق، غەيرىي تەبىئىي بەلغەمنى پىشۇرۇش، بەدەن ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىچنى يۇمشىتىش، يەل تارقىتىش، چىرايىنى پارقىرىتىش، تېرىنى سىلىقلاشتۇرۇش،

تەرلىتىش، بەلغەم بوشىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىششىق ۋە ياللۇغ قايتۇرۇش، ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، بەدەننى سەمرىتىش قاتارلىق تەسىرى بار بولۇپ، باھ ۋە بۆرەك ئاجىزلىقى، قەۋزىيەت، يۆتەل، زۇكام، نەزلە، ئۆپكە كېسەللىكى، چېچەك، تال ئىششىقى، جىگەر ۋە تال تۇسۇلۇش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز تۇسۇلۇش، سۈيدۈك تېمىپ كېلىش، مېڭە ئاجىزلىقى قاتارلىق كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئەنجۈر تەركىبىدە گلۇكوزا، مېۋە قەنتى، ئاقسىل، ماي، كاربون ۋە سۇ بىرىكمىلىرى، ۋىتامىن قاتارلىق ماددىلار بار. ھازىرمۇ خەلق ئارىسىدا بەدەننى قۇۋۋەتلەش مەقسىتىدە ئەنجۈرنىڭ ئۆزىنى قۇرۇق ھالەتتە ئىستېمال قىلىش، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن مۇراببا تەييارلاپ ئىستېمال قىلىش ئادىتى بار.

**قوغۇن قېقى:** قوغۇن قېقى قوغۇن تازا شىرنە باغلاپ پىشقاندا شاپىقىنى سويۇۋېتىپ، ئەت قىسمى ئاپتاپقا سېلىنىپ، نورمال ھالەتتە قۇرۇغان ۋاقتىدا يىغىۋېلىنىپ تەييارلىنىدۇ. تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق. قان كۆپەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، بەدەننى سەمرىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش، تەرەتنى يۇمشىتىش، مېڭە ۋە بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش، تېرىنى سىلىقلاشتۇرۇش، ئىششىق ۋە ياللۇغ قايتۇرۇش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش قاتارلىق تەسىرى بار بولۇپ، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش، يۈرەك ۋە دوۋساق يارىسى، ھەيز تۇتۇلۇش، كۆپ ئۇسساش، قەۋزىيەت، جىگەر ۋە بۆرەك يوللىرى تۇسۇلۇش، بۆرەك تاش كېسەللىكى، تېرە يېرىكلىشىش قاتارلىق كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. قوغۇن قېقى تەركىبىدە گلۇكوزا، مېۋە قەنتى، ۋىتامىن، كاروتىن، شار ئاقسىلى، لىمون كىسلاتاسى قاتارلىق ماددىلار بار. ھازىرمۇ خەلق ئارىسىدا تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، سۈيدۈك يولى كېسەللىكلىرى ئۈچۈن قوغۇن قېقىنى قۇرۇق ھالەتتە ئىستېمال قىلىش، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن مۇراببا تەييارلاپ ئىستېمال قىلىش ئادىتى بار.

**ئالما قېقى:** ئالما ئوبدان پىشقاندا تاش پوستى سويۇۋېتىلىپ، ئىچىدىكى ئۇرۇقىنى ئېلىۋېتىپ، بىر ئالمىنى تۆت پارچە قىلىپ توغراپ، ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇپ، نەمرەك ھالەتتە يىغىۋېلىنىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق. يۈرەك، مېڭە، جىگەر ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، غەيرىي تەبىئىي سەۋدانى تەڭشەش، قۇرۇق يۆتەلنى توختىتىش، ئىچى سۈرۈش ۋە قۇسۇشنى توختىتىش، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش، ماينى پارچىلاش، ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، بەدەننى سەمرىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش قاتارلىق تەسىرى بار بولۇپ، يۈرەك، مېڭە، جىگەر ۋە ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، يۆتەل، ئۇسسۇزلۇق، قۇسۇش، سەپرالىق، ئىچى سۈرۈش، كۆڭۈل ئېلىشىش قاتارلىق كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئالما قېقى تەركىبىدە كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، قەنت، ئالما كىسلاتاسى، لىمون كىسلاتاسى، ۋىتامىن قاتارلىق ماددىلار بار.

**نەشپۈت قېقى:** نەشپۈت قېقى نەشپۈت ئوبدان پىشقاندا تاش پوستى سويۇۋېتىلىپ، ئىچىدىكى ئۇرۇقىنى ئېلىۋېتىپ، پارچىلاپ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ. تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق. ھارارەت پەسەيتىش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش، قان، سەپرا خىلىتلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، كۆكرەكنى تازىلاش، ھۆللۈك يەتكۈزۈش قاتارلىق تەسىرى بار بولۇپ، قىزىتما، يۇقىرى قان بېسىم، باش ئاغرىقى، ئىسسىقتىن بولغان زۇكام، كۆكرەك يېرىكلىكى، يۆتەل، قەۋزىيەت، سەپراۋى كۆڭلى ئايلىنىش ۋە ھۆ بولۇش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. نەشپۈت قېقى سوغۇق مىزاج كىشىلەرنىڭ، سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىغۇچىلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ماس كەلمەيدۇ. ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ماس كېلىدۇ. نەشپۈت قېقى تەركىبىدە ۋىتامىن، كالتسىي، فوسفور، ئاقسىل، ماگنىي، تۆمۈر، قەنت قاتارلىق ماددىلار بار بولۇپ، ئىستېمال قىلىنسا، بەدەننى كۆپ خىل ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئەجدادلىرىمىز نەشپۈت قېقىنى قۇرۇق ھالەتتە ئىستېمال قىلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ خىل ئادەت ھازىرمۇ داۋاملىشىپ كەلمەكتە، ئۇنىڭدىن باشقا ھازىرمۇ خەلق ئارىسىدا يۆتەل، كۆكرەك چىڭلىقى ئۈچۈن نەشپۈت قېقىنى ئىستېمال قىلىش ئادىتىمۇ بار.

**قارىئۆرۈك گۈلسى:** قارىئۆرۈك گۈلسى قارىئۆـ

www.uyghurkitap.com



رۇك ئوبدان پىشقاندا، شېخىدىن ئايرىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ. ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان قاچىغا قاچىلاپ، ساقلاپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق، ئىسسىق كەيپىياتنى تەڭشەش، قان ۋە سەپرا خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكنى پەسەيتىش، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش، ئاغرىق پەسەيتىش قاتارلىق تەسىرى بار بولۇپ، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، سەپرادىن بولغان قىزىتما، كۆپ ئۇسساش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، قەۋزىيەت، زۇكام، يۇقىرى قان بېسىم، خاپىغان قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. قارىئۆرۈك گۆلىسى تەركىبىدە ۋىتامىن، كاروتىن، كالتسىي، ماگنىي، تۆمۈر، ئاقسىل، ماي، قەنت، ئالما كىسلاتاسى قاتارلىق ماددىلار بار بولۇپ، ئىستېمال قىلىنسا بەدەننى كۆپ خىل ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. يەرلىك خەلق ئارىسىدا يۇقىرىقى كېسەللىكلەرگە ۋە باشقا ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە قارىتا قارىئۆرۈك گۆلىسىنى شۈمۈپ بېرىش، ئىستېمال قىلىش، دەملەپ ئىچىش قاتارلىق يەرلىك ئۇسۇل بىلەن كېسەل داۋالاش ئۇسۇللىرى بار،

**توغاچ قېقى** (توغاچ مۇنكى): توغاچ قېقى توغاچ ئوبدان پىشقاندا، ئۇنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ. تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق. ھارارەت پەسەيتىش، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، قان ۋە سەپرا خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكنى پەسەيتىش، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش، قاننى سۇيۇلدۇرۇش قاتارلىق تەسىرى بار بولۇپ، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، قىزىتما، كۆپ ئۇسساش، سەپراۋى كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، قەۋزىيەت، يۇقىرى قان بېسىم، قان قويۇلۇش، خاپىغان ۋە باشقا ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. توغاچ قېقى تەركىبىدە ۋىتامىن، كالتسىي، ماگنىي، تۆمۈر، ئاقسىل، قەنت قاتارلىق ماددىلار بار بولۇپ، ئىستېمال قىلىنسا بەدەننى كۆپ خىل ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئەجدادلىرىمىز توغاچ قېقىنى قۇرۇق ھالەتتە ئىستېمال قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرمۇ يەرلىك خەلق ئارىسىدا يۇقىرىقى كېسەللىكلەرگە ۋە باشقا ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە قارىتا توغاچ قېقىنى ئىستېمال قىلىش، دەملەپ سۈيىنى ئىچىش قاتارلىق يەرلىك ئۇسۇل بىلەن كېسەل داۋالاش ئۇسۇللىرى بار.

**ئۈجمە قېقى** (ۋاسالغۇ): ۋاسالغۇ ئادەتتە ئوبدان پىشقان ئۈجمىنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. بەزىدە ئۈجمە پىشىپ تۈۋىگە چۈشۈپ قۇرۇپ قالغاندا يىغىۋېلىنىدۇ. تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق. ئۆپكە ۋە كانايىنى قۇۋۋەتلەش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، قان كۆپەيتىش، بەلغەم بوشىتىش، ماي پارچىلاش، سۈيدۈك ۋە چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، چارچاشنى يوقىتىش، قېرىشنى كېچىكتۈرۈش، ئۇيقۇنى ياخشىلاش قاتارلىق تەسىرى بار بولۇپ، نەپەس سىقىلىش، ئۇيقۇسىزلىق، سۇلۇق ئىششىق، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، بەدەن ئاجىزلىقى، سۈت كەملىك، ئاۋاز پۈتۈپ قېلىش، گال ئىششىقى، يۆتەل قاتارلىق كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ۋاسالغۇ تەركىبىدە روتېن، كاروتىن، ۋىتامىن، ئاقسىل، قەنت، ئۈچچۈچان ماي، تاننىن، ئەركىن ماي كىسلاتاسى قاتارلىق ماددىلار بار بولۇپ، بۇ خىل ماددىلارنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، قېرىشنى كېچىكتۈرۈش، راكقا قارشى تۇرۇش قاتارلىق تەسىرى بار بولۇپ، بەدەنگە نىسبەتەن پايدىلىق تەسىرىنى بېرەلەيدۇ. خەلقىمىز ئارىسىدا ھازىرمۇ ۋاسالغۇ ئىستېمال قىلىش ئادىتى بار بولۇپ، بولۇپمۇ يەرلىك خەلق ئارىسىدا ئۇيقۇسىزلىق كېسەللىكىگە ۋاسالغۇ ئىستېمال قىلىپ ئۇيقۇسىنى ياخشىلاش، ئۇنىڭدىن ماتاڭ تەييارلاپ ئىستېمال قىلىپ، بەدەننى قۇۋۋەتلەش قاتارلىق يەرلىك ئۇسۇل بىلەن كېسەل داۋالاش ئۇسۇللىرى بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان.

**شاتۇت قېقى** (شاتۇت ۋاسالغۇسى): شاتۇت ۋاسالغۇسى ئادەتتە ئوبدان پىشقان شاتۇتنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق. ياللۇغ قايتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا ۋە قان خىلتىنى تەڭشەش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، ئىشتىھانى ئېچىش، قان تازىلاش قاتارلىق تەسىرى بار بولۇپ، ئىچى سۈرۈش، ئىسسىقتىن بولغان يۇتقۇنچاق ياللۇغى، ھەر خىل ئېغىز جاراھەتلىرى، ئىشتىھاسىزلىق، گال ئاغرىقى، بادامسىمان بەز ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. خەلقىمىز ئارىسىدا ھازىرمۇ شاتۇت ۋاسالغۇسىنى ئىستېمال قىلىش ئادىتى بار بولۇپ، يەرلىك خەلق ئارىسىدا گال ئاغرىقى كېسەللىكىگە شاتۇتنى ياكى شاتۇت ۋاسالغۇسىنى ئىستېمال قىلىش، تۈرلۈك

ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە ئۈنىڭدىن مۇراببا تەييارلاپ ئىستېمال قىلىشتىن ئىبارەت يەرلىك ئۇسۇل بىلەن كېسەل داۋالاش ئۇسۇللىرى بار.

**ئالۇچا قېقى:** ئالۇچا ئوبدان پىشقاندا، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ. تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق، خىلتسىز ئىسسىق كەيپىياتنى تەڭشەش، قان ۋە سەپرا خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، بەدەنگە سۇيۇقلۇق تولۇقلاش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، قۇرۇق ھۆنى پەسەيتىش، ماددىلارنى يۇمشىتىش، قۇسۇشنى توختىتىش قاتارلىق تەسىرى بار بولۇپ، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، سەپرادىن بولغان قىزىتما، سەپراۋى ئىچى سۈرۈش، سۇ يوقىتىش، قىزىل، چېچەك، ئۇيقۇسىزلىق، سىل، كۆپ ئۇسساش، جىگەر قېتىشىش، يۈرەك قان تومۇرلىرى قېتىشىش، يۇقىرى قان بېسىم، خاپىغان قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ئالۇچا قېقى تەركىبىدە بەدەن ئېھتىياجلىق بولغان ماددىلاردىن ۋىتامىن، كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر، ئاقسىل، ماي، قەنت، ئالما كىسلاتاسى، لىمون كىسلاتاسى، مېۋە كىسلاتاسى قاتارلىق ماددىلار بار بولۇپ، بۇ خىل ماددىلارنىڭ بىر قىسمى بەدەننى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلىسە، يەنە بىر قىسمى بەدەندىكى ماينى پارچىلايدۇ، شۇنداقلا نېرۋىلارنىڭ جىددىيلىكىنى پەسەيتىدۇ. ئادەتتە يەرلىك خەلق ئارىسىدا قىزىتما، سەپراسى ئارتىپ كېتىش، ئىچى سۈرۈش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە قارىتا ئالۇچا قېقى ئىستېمال قىلىش، دۇملەپ ئىچىش قاتارلىق يەرلىك ئۇسۇل بىلەن كېسەل داۋالاش ئۇسۇللىرى بار.

**ئەينۇلا قېقى:** بۇ ئەينۇلىنىڭ قۇرۇتۇلغان مېۋىسى بولۇپ، تەبىئىتى ھۆل سوغۇق. غەيرىي تەبىئىي سەپرانى پىشۇرۇش، ئارتۇق سەپرانى سۈرۈش، قان ۋە سەپرا خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، قۇرۇق ھۆنى پەسەيتىش قاتارلىق تەسىرى بار بولۇپ، قىزىتما، يۇقىرى قان بېسىم، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، يۆتەل، زۇكام، نەزلە، سەپرادىن بولغان قىزىتما، كۆپ ئۇسساش، كۆڭۈل ئېلىشىش، ھەزىم ئاجىزلىقى، قەۋزىيەت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ئەينۇلا تەركىبىدە ئاساسلىقى ئۈچۈچان ماي، ئامىنو كىسلاتاسى قاتارلىق ماددىلار بار بولۇپ، ئىستېمال قىلىنسا، بەدەننى كۆپ خىل ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئەينۇلىنى قۇرۇق ھالەتتە تۈرلۈك كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئىستېمال قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرمۇ يەرلىك خەلق ئارىسىدا ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە قارىتا ئەينۇلىنى شۈمۈپ بېرىش، ئىستېمال قىلىش، دۇملەپ ئىچىش قاتارلىق يەرلىك ئۇسۇللار بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

**ھېلىلە:** بۇ ھېلىلىنىڭ قۇرۇتۇلغان مېۋىسى بولۇپ، تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق. قان تازىلاش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، ئۈچەي، ئاشقازان، چاچنى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا، سەپرا خىلتىنى سۈرۈش قاتارلىق تەسىرى بار بولۇپ، مېڭە ئاجىزلىقى، زېھنىي قۇۋۋىتى سۇسلىشىش، مالخۇلىيا، بوۋاسىر، قىچىشقاق، چاچ بالدۇر ئاقىرىش، چاچ چۈشۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ھېلىلە تەركىبىدە ئوزۇقلۇق ماددىلاردىن ئاقسىل، ماي، تاننىن، ھېلىلە كىسلاتاسى قاتارلىق ماددىلار بار بولۇپ، ئىستېمال قىلىنسا، بەدەنگە پايدىلىق تەسىرىنى بېرىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ھېلىلىنى قۇرۇق ھالەتتە تۈرلۈك كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئىستېمال قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرمۇ يەرلىك خەلق ئارىسىدا باش ئاغرىقى، قىزىتما، ئىچى سۈرۈش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە قارىتا ئەينۇلىنى شۈمۈپ بېرىش، ئىستېمال قىلىش قاتارلىق يەرلىك ئۇسۇللار بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

**بادام:** بۇ ئاساسەن بادام پىشقاندا، ئۇرۇقچىسىنى ئايرىۋېلىپ، قۇرۇتۇپ، ئۇنىڭدىن مېغىزى ئايرىپ ئىشلىتىلىدۇ. تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق، قۇرۇق سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش، مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش، ئەستە ساقلاش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، باھ، بەدەن، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى سەمرىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، كۆكرەك ۋە ئۈچەينى بوشىتىش، ئۇيقۇنى ياخشىلاش، يۆتەل پەسەيتىش، قان، سۈت، مەنىي كۆپەيتىش، تېرىنى سىلىقلاشتۇرۇش قاتارلىق تەسىرى بار بولۇپ، ئىستېمال قىلىنسا مېڭە ئاجىزلىقى، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى تۆۋەنلەش، قۇرۇق يۆتەل، زۇكام، قەۋزىيەت، تولغاق، ئورۇقلاپ كېتىش، باھ ئاجىزلىقى، مەنىي تېز كېتىش، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، بۆرەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاجىزلاش، باش ئاغرىقى، زىققا، قان تۈكۈرۈش، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. بادام مېغىزى تەركىبىدە ئاقسىل، ماي، قەنت، ۋىتامىن، كالتسىي، فوسفور، ماگنىي، تۆمۈر، مارگانېنس، بارىي، ناترىي، تىتان، مىس، ئالىيۇمىن، خىروم قاتارلىق ماددىلار بار. ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىن تارتىپ بادام مېغىزىنىڭ رولىغا سەل قارىمىغان بولۇپ، ئۇلار ئەتىگەنلىك ناشتىلىقتا بادامنى مۇھىم يېمەكلىك قاتارىدا ئىستېمال قىلىپ كەلگەن. ھازىرمۇ خەلقىمىز كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئۇيقۇنى ياخشىلاش، نەپەس سىقىلىشنى داۋالاش ئۈچۈن بادام مېغىزى ئىستېمال قىلىش ئادىتى بار.

**خورما:** بۇ خورما دەرىخىنىڭ پىشقان مېۋىسى بولۇپ، قۇرۇق ھالەتتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. خورما ئۆز زېمىنىمىزدىن چىقمىسىمۇ خەلقىمىز باشقا مەملىكەتلەردىن كەلتۈرۈپ، ئۇنى ساقلاپ قويۇپ، ئىستېمال قىلىپ كەلگەن. ھازىرمۇ خەلقىمىز ئارىسىدا خورما قىممەتلىك يېمەكلىك سۈپىتىدە ئەتىۋارلىنىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق. ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، قان كۆپەيتىش، چولڭ تەرەتنى يۇمشىتىش، قان بېسىمنى چۈشۈرۈش، باھ ۋە ئومۇمىي بەدەننى، يۈرەك، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، مەنىي پەيدا قىلىش، بەدەننى سەمرىتىش، پەينى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش قاتارلىق تەسىرى بار بولۇپ، پالەچ، لەقۋا، باھ ۋە يۈرەك ئاجىزلىقى، بوۋاسىر قاناش، يۆتىلىپ قان تۈكۈرۈش، ئاشقازان ئاجىزلىقى، بەدەن ئورۇقلاش، بەل ئاغرىقى، بوغۇم ئاغرىقى، يۆتەل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ ۋە ئوزۇقلۇق سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. خورما تەركىبىدە ئاقسىل، ماي، مۇرەككەپ قەنت، ئۈزۈم قەنتى، مېۋە قەنتى، قومۇش شېكىرى، ئامىنو كىسلاتاسى، فلودۇن، سېرىق كىتون گىلۇكوزىد، كاروتىن، پىگمېنت قاتارلىق ماددىلار بار بولۇپ، بەدەنگە نىسبەتەن پايدىلىق تەسىرىنى بېرەلەيدۇ. خورمىنىڭ قان كۆپەيتىش، ئوزۇقلۇق تولۇقلاش تەسىرى بىر قەدەر ياخشى بولغاچقا، خەلقىمىز ئارىسىدا بۇنى ئەتىۋارلاپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئۆرۈك مېغىزى:** بۇ ئاساسەن ئۆرۈك پىشقاندا، ئۇرۇقچىسىنى ئايرىۋېلىپ، قۇرۇتۇپ، ئۇنىڭدىن مېغىزى ئايرىپ ئىشلىتىلىدۇ. تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق. قۇرۇق سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش، ئىچنى يۇمشىتىش، غەيرىي تەبىئىي سەۋدانى تەڭشەش، بەدەننى سەمرىتىش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، قان، سۈت، مەنىي كۆپەيتىش، تېرىنى سىلىقلاشتۇرۇش قاتارلىق تەسىرى بار بولۇپ، ئىستېمال قىلىنسا قان ئازلىق، قان سۈۋۈپ كېتىش، بەدەن ئاجىزلىق، قەۋزىيەت، زىققا، يۆتەل قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۆرۈك مېغىزى تەركىبىدە ماي، ۋىتامىن، كالتسىي قاتارلىق ماددىلار مول بولۇپ، ئىستېمال قىلىنسا، بەدەننى كۆپ خىل ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئەجدادلىرىمىزمۇ قەدىمدىن تارتىپ ئۆرۈك مېغىزىنى بەدەننى قۇۋۋەتلەش مەقسىتىدە ئىستېمال قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرمۇ خەلقىمىز كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن ئۆرۈك مېغىزى ئىستېمال قىلىدۇ.

**يەر ياڭىقى (خاسىڭ مېغىزى):** يەر ياڭىقى خەلق ئارىسىدا خاسىڭ نامىدا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئاساسەن پىشقاندا يىغىۋېلىپ، قازاندا قورۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق. ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، باھ ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، سۈت ۋە مەنىي پەيدا قىلىش، بەدەننى سەمرىتىش، مېڭە ۋە ئەسەبلەرنى قۇۋۋەتلەش، ماينى پارچىلاش قاتارلىق تەسىرى بار بولۇپ، باھ ئاجىزلىقى، ماغدۇرسىزلىق، نېرۋا ئاجىزلىقى، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، مەنىي تېز يۇرۇپ كېتىش قاتارلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدە ئاقسىل، ماي، ئازوتلۇق ماددىلار، كىراخمال، تالالىق ماددىلار، سۇ، ۋىتامىن قاتارلىق ماددىلار بار بولۇپ، بەدەنگە نىسبەتەن پايدىلىق تەسىرىنى بېرەلەيدۇ. ئادەتتە خاسىڭ مېغىزى خەلقىمىز ئارىسىدا ئوزۇقلۇق تولۇقلاش مەقسىتىدە باشقا خىل قۇرۇق يېمەكلىكلەرگە ئوخشاش قۇرۇق ھالەتتە ياكى ئۇنىڭدىن ماتاڭ تەييارلاپ قويۇپ بىر قەدەر كۆپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**نوقۇت:** نوقۇت ئادەتتە پىشقاندا قۇرۇق ھالەتتە ياكى قورۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق. بۆرەك، دوۋساق، باھنى قۇۋۋەتلەش، قان كۆپەيتىش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، تېرىگە جۇلا بېرىش، قان

تازىلاش، چاچنى قۇۋۇەتلەش، ئاۋازنى ياخشىلاش، بەدەننى سەمرىتىش قاتارلىق تەسىرى بار بولۇپ، باش ئاجىزلىقى، كەم قۇۋۇەتلىك، چاچ چۈشۈش، چاچ ئاقىرىش، ئۇيقۇسىزلىق، نېرۋا ئاجىزلىقى قاتارلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدە ئاقسىل، ماي، كىراخمال، يىرىك تالالىق ماددىلار، ۋىتامىن قاتارلىق ماددىلار بار بولۇپ، بەدەنگە نىسبەتەن پايدىلىق تەسىرىنى بېرەلەيدۇ. ئادەتتە نوقۇت خەلقىمىز ئارىسىدا ئۇزۇۋقلۇق تولۇقلاش مەقسىتىدە قۇرۇق ھالەتتە ياكى باشقا خىل يېمەكلىكلەر بىلەن قوشۇپ سوقۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقى (گازىر):** ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقى ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقى پىشقاندا ئايرىپ ئېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، ئاندىن قازاندا قورۇپ تەييارلىنىدۇ. خەلق ئارىسىدا گازىر نامىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ. تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق. قاننى سۇيۇلدۇرۇش، باھنى قۇۋۇەتلەش، ئۈچەينى سىلىقلاشتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، سۈت كۆپەيتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، تولغاقنى توختىتىش، ئىشتىھا ئېچىش، ھۆللۈك يەتكۈزۈش قاتارلىق تەسىرى بار بولۇپ، قەۋزىيەت، قان تولغاق، ئىشتىھاسىزلىق، ھامىلدارلىق مەزگىلىدىكى سۇلۇق ئىششىق، سۈيدۈك يولى ياللۇغى، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش، بەدەن ئاجىزلىق، كۆكرەك يىرىڭلىكى قاتارلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. گازىر مېغىزى تەركىبىدە ماي، فىتىن، ئاقسىل، كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، تالالىق ماددىلار قاتارلىق ماددىلار بار بولۇپ، بەدەنگە نىسبەتەن پايدىلىق تەسىرىنى بېرەلەيدۇ. ئادەتتە گازىر خەلقىمىز ئارىسىدا ئۇزۇۋقلۇق تولۇقلاش مەقسىتىدە قۇرۇق ھالەتتە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**كاۋا ئۇرۇقى مېغىزى:** بۇ كاۋىنىڭ ئۇرۇقى ئىچىدىكى مېغىزى بولۇپ، قۇرۇق ھالەتتە ياكى ئۇرۇقنى قازاندا قورۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق. مەددە قۇرت چۈشۈرۈش، سۈت پەيدا قىلىش، جىگەرنى قۇۋۇەتلەش، ئىششىق قايتۇرۇش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش قاتارلىق تەسىرى بار بولۇپ، ئۈچەي مەددە قۇرت كېسەللىكى، كۆكرەكنىڭ چىڭلىقى، يۆتەل، ئۆپكە ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدە ئاقسىل، مايلىق ياغ، ۋىتامىن، كاروتىن، كۇكۇربىتىن قاتارلىق ماددىلار بار بولۇپ، بەدەنگە نىسبەتەن پايدىلىق تەسىرىنى بېرەلەيدۇ. ئادەتتە كاۋا ئۇرۇقى خەلقىمىز ئارىسىدا ئۇزۇۋقلۇق تولۇقلاش مەقسىتىدە ئاز ساندا ئىستېمال قىلىنىسىمۇ، لېكىن ئۈچەي مەددە قۇرت كېسەللىكى ئۈچۈن قۇرۇق ھالەتتە ئىستېمال قىلىش ئادىتى خەلقىمىز ئارىسىدا بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان.

**باقلە (چوڭ پۇرچاق ياكى دادۇر):** باقلە چوڭ پۇرچاقنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، ئادەتتە خەلق ئارىسىدا دادۇر دېگەن نام بىلەن ئومۇملاشقان. ئۇ پىشقاندا قازاندا قۇرۇق قورۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق. قۇرت ئۆلتۈرۈش، ئىششىق تارقىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلاش قاتارلىق تەسىرى بار بولۇپ، ئۈچەي قۇرت كېسەللىكى، ھەر خىل ئىششىقلار، ئاشقازان ئاغرىقى، داغ، ئاق كېسەل، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز راۋان بولماسلىق، ئىچى سۈرۈش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. باقلە تەركىبىدە بەدەن ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ماددىلاردىن ئاگلوتىنىن، ئاقسىل، ياغ، قەنت ماددىلىرى، كالتسىي، ماگنىي قاتارلىق ماددىلار بار بولۇپ، بەدەننى مول بولغان ئۇزۇۋقلۇق ماددىلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)

**ئاپتورلار سەمىگە:**

ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەن ئاپتورلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قەلەم ھەققى ئەۋەتىشىمىزگە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق تەپسىلىي ئادرېسى ۋە ئىسىم ـ فامىلىسىنى كىملىكىدىكى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تولۇق يېزىپ ئەۋەتىشىنى، شۇنداقلا ئەۋەتكەن ئەسىرىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئۆزى ساقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەسەر قايتۇرۇلمايدۇ.

«مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇرلاردا تۈگمەنچىلىك

ئابدۇرېشات مۇساجان توغرۇل

تۈگمەن — ئىپتىدائىي ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەش (ئۇن تارتىش) قورۇلمىسى بولۇپ، ئاساسلىقى سۇ كۈچى، شامال كۈچى، چوڭ ھايۋان كۈچى ۋە ئادەم كۈچى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان تۈرلىرى بار. ئەجدادلىرىمىز ئەڭ بۇرۇن يېرىك ئاشلىقلارنى يۇمشىتىش ئۈچۈن بىلەي تاش ئاساسىدا سۈرمەلنى كەشىپ قىلغان. سۈرمەل — چوڭ تاشنىڭ بىر يۈزىنى ھىلال ئاي شەكلىگە كەلتۈرۈپ سىلىقلاپ، ئۈستىگە يېرىك ئاشلىقنى تەكشى يېيىپ، نوغۇچ تاش (دەستەسىمان تاش) بىلەن سۈرۈپ يۇمشىتىدىغان باش قورال بولۇپ، چوڭ-كىچىكلىكى سۈرمەل تاشنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئاساسىدا بولىدۇ. ھازىرغىچە تېپىلغان سۈرمەلنىڭ ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 80 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، كەڭلىكى 40 سانتىمېتىر ئەتراپىدا. بىر قەدەر نەپىس ياسالغانلىرىنىڭ ئىككى بېشىغا تۇتقۇچ چىقىرىلغان. كېرىيە ناھىيەسى تەۋەسىدىكى يۇمىلاققۇم قەدىمىي شەھەر خارابىسى (بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2300 يىللار ئىلگىرى ۋەيران بولغان)، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ سەتمەت قەدىمىي ئىزى (ساپال خۇمدىنى رايونى بولۇپ، خەن دەۋرىدىن چىڭ دەۋرىگە قەدەر ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان) قاتارلىق جايلاردا قەدىمىي سۈرمەل تاشلار بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدۇ، خوتەن رايونىدا سۈرمەلنى تاكى 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىغا قەدەر ئائىلىلەردە ئىشلىتىپ كەلگەن.

ئەجدادلىرىمىز يەنە سۈرمەل ئاساسىدا يارغۇنچاقنى كەشىپ قىلغان بولۇپ، يارغۇنچاق — بىر جۈپ دۈگىلەك تاشنىڭ چىپ ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك ئېچىپ، ئاستى تاشنىڭ تۆشۈكىدىن ئوق ئۆتكۈزۈپ مۇنتىزىملاشتۇرۇلىدۇ ۋە ئۈستى تاشنى ئېلىپ تۇرىدىغان ئۈچ چىقىرىلىدۇ، ئۈستى تاشنىڭ ئوتتۇرا تۆشۈكى بۇ ئوق ئۇچىغا ھەرىكەتچان قىلىپ كىيگۈزۈلىدۇ. ئۈستى تاشنىڭ بىر يېنىدىن يەنە بىر تۆشۈك ئېچىلىپ، دەستە ئورنىتىلىپ، قول بىلەن ئايلاندۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. يېرىك ئاشلىق يارغۇنچاققا ئوتتۇرا تۆشۈكتىن قويۇلىدۇ. يارغۇنچاق ئاساسلىقى يارما يېرىشقا ئىشلىتىلىدۇ.



تۆگمەن ـــ يارغۇنچاق ئاساسدا بارلىققا كەلگەن قۇ-
رۇلما بولۇپ، سۇ كۈچى ۋە شامال كۈچى بىلەن ئايلان-
دۇرىدىغانلىرى بار. رايونىمىزدىكى دەريا - ئېقىنلارنىڭ
مۇتلەق كۆپ قىسمى تاغقا يېقىن بولغاچقا، سۇ كۈچى باي-
لىقى بىر قەدەر مول. شۇڭا رايونىمىزدا سۇ كۈچى تۆگمەن-
لىرى كەڭ ئومۇملاشقان. تۆگمەننىڭ قۇرۇلمىسى يارغۇن-
چاققا ئوخشاپ كېتىدۇ. بىر جۈپ چوڭ دۈگىلەك تاشنىڭ
چىپ ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك ئېچىلىپ ئاستى تاش مۇنتە-
زىم ئورنىتىلىدۇ، ئەتراپىغا ياغاچ تاختاي بېسىلىپ چاسا
شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ ۋە تۆت ئەتراپىغا 20 - 30 سانتىمېتىر
كەڭلىكتە توساق ئورنىتىلىپ، ساندۇق شەكلىدە ياسىلىدۇ.
بۇ قۇرۇلما «خامپا» دېيىلىدۇ. ئۈستى تاش تۆشۈكىنىڭ
ئاستى تاشقا جۈپلەشتۈرۈلىدىغان يۈزى تەرىپىگە توغرىسى-
غا ئۇزۇنچاق كاتەك ئويۇلۇپ، ئوقنىڭ ئۇچىغا ئورنىتىل-
غان توغرا ئوققا كىيگۈزۈلۈپ، تاشنى ئايلاندۇرۇشقا ئىش-
لىتىلىدۇ. بىر تال ئۇزۇن ئوقنىڭ بىر ئۇچىغا چاقپەلەك
ئورنىتىلىدۇ. چاقپەلەك ـــ كۇنۇس شەكىللىك ياسالغان كۆ-
تەكنىڭ كەسمە يۈزى ئەتراپىغا 24 دانە پالاق ياغاچ ئور-
نىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ، پالاق ياغاچ قىيپاش بېكىتىلىپ،
ئۈستىگە سۇ چۈشكەندە سۇنىڭ ئىتتىرىش كۈچى بىلەن
ئايلىنىشقا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ياسىلىدۇ، بەزى ئۇستىلار
پالاقنىڭ چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پالاق ئۇچى-
نى ئايلاندۇرۇپ چەمبەر شەكىللىك قۇرۇلما ئىچىگە ئو-
رۇنلاشتۇرىدۇ. ئوقنىڭ يەنە بىر ئۇچى ئاستىن تاشنىڭ تۆ-
شۈكىدىن ھەرىكەتلىنەلەيدىغان ھالەتتە ئۆتكۈزۈلۈپ،
ئوقنىڭ ئۇچىغا ئورنىتىلغان توغرا ئوققا ئۈستى تاش كىي-
گۈزۈلىدۇ. چاقپەلەكنىڭ ئاستى ئۇچىغا ئۇچلۇق تۆمۈر
ئورنىتىلىدۇ، تۆگمەننىڭ ئاستىغا چاقپەلەكنىڭ ئاستى ئۇچى-
غا توغرىلاپ، بىر توغرا ياغاچ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ياغاچ-
نىڭ بىر ئۇچى ئاستى - ئۈستىگە ھەرىكەتلىنەلەيدىغان بېكى-
تىلىدۇ، ئوقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا كىچىك كاتەكچە ئويۇ-
لۇپ، چاقپەلەكنىڭ ئۇچىغا ئورنىتىلغان تۆمۈر ئۇچ كىيگۈ-
زۈلىدۇ، توغرا ئوقنىڭ يەنە بىر ئۇچىغا تىك ئوق ھەرد-
كەتچان ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، تىك ئوقنىڭ بىر ئۇچىنى
تۆگمەن خامپىسىنىڭ بىر يېنىغا كىچىك تۆشۈك ئارقىلىق
چىقىرىپ، توغرىسىغا قولاق بېكىتىلىپ، تىك ئوق چىقىرىل-
غان تۆشۈكتىن چۈشۈپ كەتمەيدىغان قىلىپ ئورنىتىلىدۇ.
بۇ قۇرۇلما «قوپارغۇ» دېيىلىپ، قۇلاقنى پىشاڭ بىلەن
كۆتۈرگەندە، تۈگمەننىڭ ئۈستى تېشى كۆتۈرۈلىدۇ،
قۇلاقنى قويۇپ بەرگەندە ئۈستىن تاش پەسلەيدۇ، بۇ



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



قۇرۇلما ئارقىلىق تارتىلىدىغان يېرىك ئاشلىق ۋە ئۇنىنىڭ يۇمشاق-يېرىك تارتىلىشىغا ئاساسەن، ئىككى تاش ئارىسىدىكى يوچۇق مۇۋاپىق تەڭشىلىدۇ. ئۈستى تاشنىڭ ئۈستىگە تۆشۈككە ئۇدۇللاشتۇرۇپ، ئېھرام شەكىللىك ياغاچ ساندۇق ئۈچ قىسمى ئاستىغا قىلىپ ئېسىلىدۇ، بۇ قۇرۇلما «ئۈسكەن» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۈسكەنىنىڭ ئاستىغا قارىتىلغان ئۇچىدىن تۆشۈك قويۇلۇپ، ئاستىغا چاناق ئېسىلىدۇ. چاناق — كەپكۆر شەكىللىك ياغاچ قۇرۇلما بولۇپ، چوڭ-كىچىكلىكى بىردەك بولمايدۇ، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ كەڭلىكى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، ئاستى تۈز، ئۈچ تەرىپى ئېگىز گىرۋەك چىقىرىلىدۇ، گىرۋەكنىڭ ئېگىزلىكى ئادەتتە بەش سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، ئۈستى ۋە بىر تەرىپى ئوچۇق بولۇپ، ئوچۇق تەرىپى ئېغىز ھېسابلىنىدۇ. ئېغىز بىر قەدەر كىچىك بولۇپ، يېرىك ئاشلىق ئۈسكەندىن چاناققا چۈشۈپ، چاناقنىڭ شۇ ئېغىزىدىن تۈگمەن تېشىنىڭ تۆشۈكىگە چۈشىدۇ. يېرىك ئاشلىقنىڭ راۋان چۈشۈشى ئۈچۈن، چاناققا تاقىلدىغۇچ ئورنىتىلىدۇ. تاقىلدىغۇچ 7 شەكىللىك ئاددىي ياغاچ قۇرۇلما بولۇپ، ئۇزۇن تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25-30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، قىسقا تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10-15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئەگمىسىدىن شوينا بىلەن ئۈسكەنگە ئېسىپ، ئۇزۇن ئۇچى چاناققا سىلىپ قويۇلىدۇ، قىسقا ئۇچى تۈگمەن تېشىغا تېگىپ تۇرىدۇ، تۈگمەن ئايلانغاندا تاقىلدىغۇچ سەكرەپ ھەرىكەتلىنىپ، يېرىك ئاشلىقنىڭ چۈشۈشىنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

تۈگمەن دۆڭنىڭ ئاستىغا ئورنىتىلىدۇ. دەريا-ئېقىن سۇلىرى يىراقتىن ئېلىنغان ئېرىق ئارقىلىق دۆڭ ئۈستىگە باشلاپ چىقىلىپ، كىچىك كۆلچەككە قويۇلۇپ، سۇ مۇۋاپىق مىقداردا تەڭشىلىپ، قوغاش ئارقىلىق تۈگمەننىڭ ئاستىغا چۈشۈرۈلۈپ، سۇنىڭ كۈچى بىلەن تۈگمەن ئايلاندۇرۇلىدۇ. كۆلچەكنىڭ بىر تەرىپىگە سۇ كۆپ قويۇلۇپ كەتسە قويۇپ بېرىدىغان ئېغىز ياسىلىدۇ، بۇ «چۈشۈرگە» دەپ ئاتىلىدۇ. قوغاش — يوغان ياغاچتىن چېپىلغان چوڭ ۋە ئۇزۇن نور بولۇپ، ئۈستى ئوچۇق بولىدۇ. ئۇزۇنلۇقى تۈگمەن قۇرۇلغان دۆڭنىڭ يان باغرىغا قاراپ ياسىلىپ، تۈگمەننىڭ چاقپەلىكىگە ئۇدۇللاپ، يانتۇ ئورنىتىلىدۇ. سۇ تۈگمەننىڭ ئاستىدىن ئېقىپ چىقىپ كېتىدۇ، چاقپەلەك ئورۇنلاشتۇرۇلغان، سۇ ئېقىپ چىقىپ كېتىدىغان بۇ بوشلۇق «كالا» (كا) بوغۇمى سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ. تۈگمەن قۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۈستىگە ئۆي سېلىنىپ، تۈگمەن ئۆي ئىچىگە ئېلىنىدۇ. تارتىلغان ئۇننى يىغىشقا ئاشلانغان قوي تېرىسىنىڭ پارچىسى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ «پوستەك» دەپ ئاتىلىدۇ. تۈگمەنچىگە قارىشىپ بېرىدىغان ۋە تارتىلغان ئۇننى سۈپۈرۈپ يىغىشقا مەسئۇل بولغان كىشىلەر «پوستەكچى» دەپ ئاتىلىدۇ. كالىنىڭ چوڭ مۈڭگۈزى ياكى قوتاز مۈڭگۈزى، ئارقار مۈڭگۈزىدىن بۇرغا ياسىلىدۇ. بۇ خىلدىكى مۈڭگۈزلەرنى تاپالمىغانلار ياغاچتىن ئويۇپمۇ ياسىۋالىدۇ ياكى نوگاي قاپاقتا ياسىۋالىدۇ. تۈگمەن بىكار قالغاندا، بۇرغىنى چېلىپ، ئەتراپقا بۇ تۈگمەننىڭ بىكار ئىكەنلىكىدىن سىگنال بېرىدۇ.



تۈگمەن توغرىسىدا مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە ئاز بولمىغان مەلۇماتلارنى بەرگەن. «دىۋاندا»: «ئۈگۈت» سۆزىگە: «بۇغداي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلاردىن ئۇن تارتىش» دەپ؛ «ئۈگۈتچى» سۆزىگە: «ئۇن تارتقۇچى، تۈگمەنچى» دەپ؛ «ئىتەگۈ» سۆزىگە: «تۈگمەندە ئۈستىگە ئايلانغۇچى تاش ئورنىتىلغان ياغاچ قولاق، ئۇننى يېرىكرەك تارتماقچى بولغاندا، بۇ قولاقنىڭ ياردىمى بىلەن تاش بىرئاز كۆتۈرۈلىدۇ، يۇمشاق تارتىش زۆرۈر بولغاندا، تۈگمەن تېشى بۇ قولاقنىڭ ياردىمى بىلەن بىرئاز تۆۋەن چۈشۈرۈلىدۇ»

دەپ؛ «قوغۇش» سۆزىگە: «قوغۇش، قوش، نۇر، تەگىرمەن قوغۇشى: تۈگمەن نۇرى» دەپ؛ «سىبەك» سۆزىگە: «سۇۋەك، تۈگمەننىڭ كېنى، تۈگمەن تېشىنى چۆرگىلىتىدىغان تۆمۈر» دەپ؛ «تۈگمەن چاقى، چىغىرىق، چاقپەلەك، يىپەك ئېگىرىدىغان چاق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش غالتەكلەرمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ» دەپ تەبىر بېرىلگەن. بۇلاردىن بىز تۈگمەننىڭ خېلى بۇرۇنلا ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، يېمەكلىك ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ئىشلىرى ئۈستىدە كۆپ ئىزدىنىپ، ئادەم بەدىنىگە زىيانسىز پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەر-سەنئىتىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. رايونىمىزغا زامانىۋى پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ كىرىپ ئومۇملىشىشى بىلەن، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئۇنلار «زاۋۇت ئۇنى» ۋە «تۈگمەن ئۇنى» دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدىغان بولدى. پېشقەدەملىرىمىز يەنىلا سۇ تۈگمىنىدە تارتىلغان ئۇننى ئەتىۋارلايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى «ئاشقازاننى ئاغرىتمايدۇ، قەۋزىيەت قىلمايدۇ» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى مۇنداق ئىككى تەرەپتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ: بىرى، پېشقەدەملەر: «ئۇن تارتىش جەريانىدا يۇمشىتىش قۇرۇلمىسى قىزىپ كەتسە، ئۇننىڭ رىزى كۆيۈپ كېتىدۇ» دەپ قارايدۇ. شۇڭا بۇرۇنقى دەۋرلەردە قىشلىق ئۇن 9-ئايدىن 11-ئايغىچە بولغان، يازلىق ئۇن 3-ئايدىن 5-ئايغىچە بولغان ھاۋا سالقىن پەسىلدە تارتىلاتتى.

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «رىز» ھازىرقى زامان تىلىمىزدىكى «تالا» بولۇپ، ئاشلىقنىڭ تالاسىنى كۆرسىتىدۇ. ئاشلىق تالاسى — ئاشلىق تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلىرىنى تۇتۇپ تۇرغۇچى سىستېما بولۇپ، ئاشلىق ئادەم بەدىنىگە كىرگەندىن كېيىن، مۇشۇ تالالار ئارقىلىق بەدەن ئۆزىگە كېرەكلىك ماددىلارنى مۇۋاپىق مىقداردا قوبۇل قىلىپ، كېرەكسىز ماددىلار ۋە زىيادە ئوزۇقلۇقنى چىقىرىپ تاشلايدۇ. ئاشلىق تالاسى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا، بۇ خىل تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇپ، ئاشلىقنىڭ يېپىشقاقلىق دەرىجىسى ئېشىپ كېتىدۇ-دە، ئاشلىق ھەزىم قىلىش ئورگانلىرىغا يېپىشىۋېلىپ، بەدەن ئۆزىگە كېرەكلىك ماددىلارنى تولۇق قوبۇل قىلالماي، كېرەكسىز ماددىلارنى قوشۇپ قوبۇل قىلىش ۋە مەجبۇرىي قوبۇل قىلىش ئەھۋالى يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئادەمدە سەمرىپ كېتىش، قەۋزىيەت ئالامەتلىرى كۆرۈلگەندىن سىرت، كىراخمال ماددىسىنى ئېھتىياجدىن ئارتۇق قوبۇل قىلىش سەۋەبىدىن، قان تەركىبىدىكى شېكەر ماددىسى ئېشىپ كېتىش، ماي ماددىسى ئېشىپ كېتىش، ئېغىر بولغاندا دىيابېت، قان قويۇقلىشىش، قان بېسىمى ئېشىپ كېتىش قاتارلىق كېسەللەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۇن تارتىش زاۋۇتى مەشغۇلات جەريانىدا قىزىپ كېتىدۇ، يېڭى تارتىپ چىقىرىلغان ئۇنمۇ قىزىق بولىدۇ. بۇ قىزىقلىق ئاشلىقنىڭ تەبىئىي تالاسىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ-دە، ئۇننىڭ يېپىشقاقلىق دەرىجىسى ئېشىپ كېتىدۇ. سۇ تۈگمىنىنىڭ ئاستىدىن سۇ ئېقىپ تۇرغانلىقى ۋە ئاستى تاشقا سۇ ئۇرۇلۇپ تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن، تۈگمەن تېشى تومۇز ئىسسىقلاردىمۇ بەك قىزىپ كەتمەيدۇ. سالقىن پەسىلدە تارتىلغان ئۇننىڭ تالاسى تېخىمۇ ياخشى ساقلىنىپ قالىدۇ. 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرى توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان تۈگمەنلەر بارلىققا كەلگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن تۈگمەن «سۇ تۈگمىنى» ۋە «توك تۈگمىنى» دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلدى. بۇ خىل تۈگمەننىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى سۇ تۈگمىنى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، پەقەت ئوق-ئېلېكتىر موتور ياكى دىزېلموتور بىلەن ئايلاندۇرۇلىدۇ. لېكىن بۇ خىل تۈگمەننىڭ تېگىدە سۇ بولمىغاچقا، تاش قىزىپ كېتىپ، ئۇن ياخشى چىقماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولمىدى. بۇنى ئاز دەپ، زىيادە قىزىپ كېتىش سەۋەبىدىن تاش پارتلاپ كېتىپ ئادەم ئۆلۈش، زەخىملىنىش ھادىسىلىرى يۈز بېرىپ، ئومۇملىشالماي ئىستېمالدىن قالغانىدى.

دېمەك، سۇ تۈگمىنى — ئەجدادلىرىمىز ئەقىل-پاراستىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئادەم بەدىنىگە زىيانسىز يېشىل يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش ھەم ئېنېرگىيە تېجەش قۇرۇلمىسىدۇر. بۈگۈنكى دەۋردىكى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى تۈگمەن ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. لېكىن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، سۇ تۈگمەنلىرى ئازلاپ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. پەرزەنتلىرىمىز تۈگمەننىڭ نېمىلىكىنى، قانداق قۇرۇلما ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، بۇ جىددىي قۇتقۇزۇپ قېلىشقا تېگىشلىك قىممەتلىك مىراستۇر.

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك مەدەنىيەت-تەنتەربىيە ئىدارىسىدە)

www.uyghurkitap.com

# «مىراس» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

«مىراس» ژۇرنىلى «مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال»، «مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سىپىدىكى قوش ئۈنۈم ياراتقان ژۇرنال»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «شىنجاڭ 2 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال بولۇپ، سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدىكى «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» سەھىپىسىدە ھەرخىل تېمىدىكى نادىر ئىلمىي ماقالىلەر، «ئادەت قېرىماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئۆرپ - ئادەتلىرى، «بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا» سەھىپىسىدە ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ھېكايەتلەر، «يىلتىزسىز دەرەخ بولماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوبرازلىق تارىخىي كەچمىشلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسەپ يىلتىزىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانە - رىۋايەتلەر، «كۈلكە — جان ئوزۇقى» سەھىپىسىدە قىزىقارلىق لەتىپە - يۇمۇرلار، «ئايدىڭ كېچىلەر» سەھىپىسىدە ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ پاك ئىنسانىي سۆيگۈ مۇھەببىتى كۈيلەنگەن سۆيگۈنامىلەر، «ساقلىقىڭ — شاھلىقىڭ» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى ۋە سالامەتلىك ھەققىدىكى ھېكمەتلەر، «مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئائىلەڭدىن باشلا» سەھىپىسىدە پەرزەنتلەرنى دانا ۋە ئەخلاقىي رەنالاردىن قىلىپ تەربىيەلەش توغرىسىدىكى ئۆگۈت - بىلىملەر، «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار» سەھىپىسىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، «دۇنياغا نەزەر» سەھىپىسىدە چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

قىسقىسى، «مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننامە، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا - ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ، قىزلارغا شەرم - ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، باللارغا ئەقىل - پاراسەت، ئاغرىقلارغا شىپا، ئاجىزلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ!

بىز سىزلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2011 - يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۈك مىراسلىرىمىزنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا ئىشلەۋاتقان جاپالىق خىزمىتىمىزگە يېقىندىن يار - يۆلەكتە بولۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز، ژۇرنىلىمىزنىڭ مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 — 1130\1

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 — 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 — 58

تېلېفون نومۇرى: 0991 — 4554017
E-mail:miras uyghur @126.com

ژۇرنىلىمىزنىڭ يىللىق باھاسى 36.00 يۈەن، يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

## ياش رەسسام ئابلەت ئوسمان
## ماي بۇياق رەسىملىرىدىن


















主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路716号文联大楼14层)电话:(0991)4554017
传真:(0991)4559756
发行:乌鲁木齐市邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一连续出版物号:CN65—1130/I
国际标准连续出版物号:ISSN1004—3829
代号:58-60 广告许可证号:6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
国外发行:中国图书进出口总公司
印刷:新疆日报社印务中心
邮编:830001 定价:6.00元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT(GROUP)CORPORATION
16Gongti E.Road, Chaoyang District, P.O.Box88, Beijing 100020, PR China
E—Mail:exprt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: 0991- 4554017 Fax:0991-4559756
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 /I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830001
E-mail: mirasuyghur@ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040